# مىللەتلەر ئىتتىپاقى

(قوش ئايلىق ژورنال)



# پامىر ئېگىزلىكىدىكى دوستلۇق يولى



پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى قوزغىغان جۇڭگو - پاكىستان تاشيولىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، رەسمىي قاتناش باشلاندى. بۇ دوستلۇق يولى - ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئېلىمىز خەلقىنىڭ ھەرقايسى ئەللەر خەلقلىرى بىلەن بولغان دوستانە بېرىش - كېلىشىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئېلىمىزنىڭ دۇنياغا يۈزلىنىشىدە كۆۋرۈك بولۇپ قالغۇسى.

سۈرەتلەرنى ۋاڭ ۋېيجۇن تەمىنلىگەن.



△ ھەر مىللەت ئىشچىلىرى قۇرۇلۇش ئۈستىدە.



△ جۇڭگو - پاكىستان تاشيولىنىڭ ئېلىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى قۇرۇلۇشى مۇددەتتىن بۇرۇن تاماملىنىپ، تاشيول قونجىراپ ئېغىزىدا تۇتاشتۇرۇلدى.






△ «پارىژ - بېيجىڭ» خەلقئارا ئاپتوموبىللىق ساياھەت ئۆمىكى مۇشۇ يول ئارقىلىق پايتەختكە يۈرۈپ كەتتى.

△ ھەر مىللەت ئاممىسى قۇرۇلۇش پۈتۈپ قاتناش باشلانغانلىقنى قىزغىن تەبرىكلىمەكتە.



▷ سۈرەتتە: مۇشۇ يول بىلەن كىرگەن چەت ئەللىك مېھمانلار قەشقەر شەھىرىگە كېلىپ سەيلە قىلماقتا.

热烈祝贺全国民族团结进步表彰大会的召开。

邓小平 一九八八年四月

مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا بېسىشى بويىچە مەملىكەتلىك تەقدىرلەش يىغىنىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن.

دېڭ شياۋپىڭ

1988 - يىل 4 - ئاي



# باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق، ھەمكارلىق


## بىغىشلىما ۋە تەبرىك

دىڭ شياۋپىڭ، ياڭ شاڭكۇن قاتارلىق مەركەز باشلىقلىرىنىڭ بىغىشلىمىسى ······ 4

## تۇغقان بولساڭ يۆلەك بول

مىللەتلەر خىزمىتىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرەيلى ······················ 6

## بىرلىك بولماي بەرىكەت بولماس

جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى ·········· جاۋ زىياڭ 7

## ئاقىلغا ئىشارەت

بىزنىڭ ھازىرقى ۋەزىپىمىز — ئۆگىنىش ······················ ستالىن 14

## دەسلەپكى باسقۇچ ۋە مىللىي مەسىلە

مىللىي مەسىلىدىكى ئىككى خىل يۈزلىنىش ················ خۇاڭ جۇ 15

## ئاپتونومىيە ۋە مىللىي خىزمەت

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئىگىنى كۈچەيتەيلى ·········· شى جۇن 18

## مىللەتلەر چولپان ئائىلىسىدە

تاجىكلار ھەققىدە قىسقىچە بايان ······················ نىزامىدىن ھۈسەيىن 20


دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ بېتەكچىلىكىدە چىقىرىلىدىغان سىياسىي، نەزەرىيىۋى خاراكتېرلىك ئۇنىۋېرسال ژۇرنال، خەنزۇ، موڭغۇل، ئۇيغۇر، قازاق، چاۋشيەن تىللىرىدا نەشر قىلىنىدۇ.

باش مۇھەررىر:

فەن پېيلىيەن

ئىجرائىيە مۇھەررىر:

ساۋۇت سالاھىدىن


## كۆپنىڭ ئەقلى كۆپ

مىللىي مەسىلىنىڭ ماھىيىتىگە بولغان بىر قانچە خىل قاراش ·········· دويۈدى 22

## بىلىم ۋە بۇلاق

چاغان ھەققىدە رىۋايەت ······ (8 پارچە) ············ تۇمەر تەرجىمىسى 24

خەتنامە ۋە ھونلار تىلى ························ مىجىت تەييارلىغان 25

## ماركسىزمدىن ئا ب س

مەنىۋى مەدەنىيەت ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ······ ۋاڭ تيەنشى، لى خۇڭجيې 26

## ئىگىلىك ۋە تەرەققىيات

سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتەيلى ·········· چى داگواڭ 30

## ئەلنى سۆيگەن خار بولماس

پىشقەدەم جەڭچىنىڭ قەلب ئىزھارى ············ خۇدابەردى ئابدۇللا 33

## تۇرمۇشتىكى ئۇچۇن مەسلىھەت

ھاراق پايدىلىقمۇ - زىيانلىقمۇ؟ ··················· سايىت ئېزىز رەتلىگەن 34

## سوراپ بىلىش ئەيىب ئەمەس

دمىللىي خىزمەت تارماقلىرى ئىقتىسادىي قورۇلۇشقا قانداق قاتنىشىشى كېرەك ········ رۇپۇ 35

نادانلىقنى ئېتراپ قىلىش دانىشمەنلىكتۇر ··············· تۇمەر تەييارلىغان 36

## دۇنيا بىلىملىرى

شىئە مەزھىپىنىڭ قىسقىچە تارىخى ···················· [illegible] 37

[illegible] ························ [illegible] 38


## مىللەتلەر ئىتتىپاقى


جۇڭگو «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى نەشرىياتى نەشر قىلدى. «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. ئادرېسىمىز: بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى كوچىسى 14 - نومۇرلۇق قورۇ. مەركىزى جايىنىڭ پوچتا نومۇرى: 100013. قەرەللىك ژۇرنال تىزىملىكتىكى نومۇرى: CN 11 — 1557 «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى تارقىتىدۇ. جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ. ھەر ئاينىڭ 20 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ. پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 117 — 58.

# باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق، ھەمكارلىق

民族团结

ᠦᠨᠳᠦᠰᠦᠲᠡᠨ ᠦ ᠡᠪ ᠨᠡᠶᠢᠲᠡᠮ

མི་རིགས་མཐུན་སྒྲིལ།

ۇلتتار ىنتىماعى

민족단결


## تۇنۇگۈن، بۈگۈن ۋە ئەتە

قورغاستىكى زىيارەتتىن تونۇلغانلىرىم ······ جوڭ ۋېن 39

## يۇرت تارىخىدىن ئۇچۇر

«تەكلىماكان» ئاتالغۇسى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە ······ قۇربان ۋەلى 41

مەشھۇر كىتاب «ھۇدۇدۇلئالەم» ······ م ئابدۇكېرىم تەييارلىغان 42

## مىللىتىم ھەققىدە پاراڭ

تىرىشماي تۇرۇپ روناق تاپىمەن دېيىش بىكار گەپ ······ ھەسەن ساۋۇت 43

## تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات

ئامرات قېرىنداشلارنىڭ ساداسى ······ شۇ جيەنشىن 45

## سەھنە ۋە ئېكران

مۇقامنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ······ مۇھەممەت شاۋدۇن 48

## باراۋەرلىك ۋە قانۇن

باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ئاپتونومىيە ······ جياڭ پىڭ 51

## ئاڭلىغانمۇ؟ كۆرگەنمۇ؟

مىللىي مەسىلىنى تەتقىق قىلىش مەركىزى قۇرۇلدى ······ دەكەن خەۋىرى 52

## ئەنئەنە ۋە ئىسلاھات

روناق تېپىش ئۈچۈن كۆز قاراشنى يېڭىلاش كېرەك ······ قەييۇم ۋاھىدى 54

## بىزنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزدە

قېرىنداش مىللەتلەر ئالىي ماتارىپىنىڭ يېڭى تەرەققىياتى ······ ۋاڭ تيەنجۇ 56

## ھەرگۈلنىڭ پۇرىقى باشقىچە

ئەنئەنىۋى بايرام — نورۇز توغرىسىدا پاراڭ ······ ياسىن قاسىم 58

## دۇنيا مىللەتلىرى

دۇنيادىكى ئۈچ ئالاھىدە مىللەت ······ چېن ۋېيگو 60

## يۇلغۇن

ئىز ······ نەسىر ······ دولقۇن تۇرەك 62

سالام ساڭا ······ (شېئىر) ······ ئالىمجان ئانايەت 63

نۇر ۋە مەن ······ (شېئىر ······ ئابدۇرېھىم زۇنۇن

سەن ۋە مەن ······ (شېئىر) ······ ئابلەت قارى

سېغىندىڭمۇ ······ (شېئىر) ······ ياسىن مەخسۇت

پارچىلار ······ مۇھەممەت ئەشنائى

## فوتوسۈرەت گۈلزارى

تەبەسسۇم ······ (مۇقاۋىدا) ······ يالقۇن فوتوسى

پامىر ئېگىزلىكىدىكى دوستلۇق يولى ······ ۋاڭ ۋېيجۇن

جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان كونەشەھەر يېزا بازار كارخانىلىرى ······ نۇرناي فوتوسى

قاغىلىق ئائىلىۋى [illegible] (ئوتتۇرا بەت) ······ [illegible] فوتوسى



民族团结

中国《民族团结》杂志社出版

《民族团结》杂志社维文室编译

地址：北京市和平里北街14号

《新疆日报》社印刷厂印刷

新疆乌鲁木齐市邮局发行

全国各地邮电局（所）订阅

全国各地新华书店代销

国内统一刊号 CN11－1557

邮政编码 100013 电话：421，1313

本刊邮政发行代号：58－117


请订阅！ مۇشتەرى بولۇڭ

请投稿！ ماقالە ئەۋەتىڭ

巩固和发展平等、团结、友爱、互助的社会主义民族关系。

杨尚昆
一九八八年四月

باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەيلى ۋە راۋاجلاندۇرايلى.

— ياڭ شاڭكۇن

执行党的民族政策，搞好四化建设

陈云

پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىجرا قىلىپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بارايلى.

— چېن يۈن

发展平等、团结、友爱、互助的社会主义民族关系。

李鹏
一九八八年四月二十四日

باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرايلى.

— لى پېڭ

各族人民团结起来建设高度文明高度民主的社会主义祖国

彭真
一九八八年春

ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاق-
لىشىپ، يۈكسەك مەدەنى-
يەتلىك، يۈكسەك دېموكراتى-
يىگە ئىگە سوتسىيالىستىك
ۋەتەن قۇرۇپ چىقايلى.

— پېڭ جېن

认真执行党的民族政策，做好民族工作。

李先念
一九八八年四月十五日

پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىيا-
ستىنى ئەستايىدىل ئىجرا
قىلىپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى
ئوبدان ئىشلەيلى.

— لى شيەننيەن

办好民族团结杂志少数民族文字版，使它成为各族人民的知音。

乌兰夫

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنى-
لىنىڭ ھەر قايسى ئاز سانلىق
مىللەتلەر يېزىقىدىكى نەشرىنى
ياخشى چىقىرىپ، ئۇنى ھەر
مىللەت خەلقىنىڭ سىرداش
دوستىغا ئايلاندۇرۇڭلار!

— ئۇلانفۇ

# مىللەتلەر خىزمىتىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرەيلى

ژۇرنىلىمىز ئوبزورچى ماقالىسى

بۇ يىل جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى. شۇنىڭدەك ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە تەرەققىياتنى تېزلىتىشتىكى ئاچقۇچلۇق يىل. بۇ بىر يىلدا ھەر مىللەت خەلقى ئىقتىسادىي مۇھىتنى تۈزەش. ئىقتىسادىي تەرتىپنى ياخشىلاش. ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت يېتەكچى فاڭجېننى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ. زىچ ئىتتىپاقلىشىپ. قىيىن ئۆتكەلدىن بىرلىكتە ئۆتۈپ. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە قۇدرەت تېپىشىغا تېخىمۇ كۆپ تۆھپە قوشۇشى. قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئىسلاھاتنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇشى لازىم.

سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئەڭ تۈپ ۋەزىپىسى — ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد. مەدەنىيەت ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ. ئۇلارنى ئورتاق روناق تاپقۇزۇشتىن ئىبارەت. ھالبۇكى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش. ئىشىكنى ئېچىۋېتىش — ئىقتىساد. مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش. مىللەتلەرنى روناق تاپقۇزۇشتىكى بىردىنبىر يول. شۇڭا تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ. كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ. ئىسلاھاتنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز لازىم. بۇنىڭدا كونا. قاتمال ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى يېڭى ئىسلاھ قىلىپ. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان فاڭجېن - سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىش — نۆۋەتتە قىلىشقا تېگىشلىك جىددىي ئىش. مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى مەسىلىسىدە كۆپ خىل ئىگىلىك ۋە تەقسىمات شەكلى خەنزۇلار رايونلىرىنىڭكىدىنمۇ كەڭرەك. جانلىقراق قىلىش لازىم. نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشقا. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىقلا بولىدىكەن. ئۇنى كەسكىنلىك ۋە دادىللىق بىلەن ئىشلەش. ھەرگىز بىھۇدە غەم - ئەندىشىدە بولماسلىق كېرەك.

ئىشىك ئېچىۋېتىلمىسە. ئىسلاھات ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ. ئۆزىنى ئۆزى قامال قىلىۋېلىش - ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ نامرات. قالاق ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقى. تەرەققىياتى ئاستا بولۇۋاتقانلىقىنىڭ تۈپ سەۋەبلىرىدىن بىرى. شۇڭا ئىشىكنى سىرتقا تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىشىمىز. ھەدېسىلا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى چاتاق كۆپ دەپ قارايدىغان. باشقىلارغا كوكاچ كۆرسىتىدىغان ئىشلارنى ئەمدى قىلماسلىقىمىز لازىم.

ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى شۇ رايونلاردىكى كىشىلەر سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە باغلىق. ساۋاتسىزلارنىڭ كۆپلۈكى. ئىختىساسلىقلارنىڭ ئازلىقى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان ئەڭ چوڭ ئامىل بولماقتا. باشقا نەرسىلەرنى ئىمپورت قىلغىلى بولسىمۇ ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى. مىللەتلەرنىڭ يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى سىرتتىن كىرگۈزگىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدا پەقەت مائارىپقا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. مائارىپنى چىڭ تۇتۇش — مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ستراتېگىيىلىك تەدبىر. شۇڭا مىللىي رايونلاردا ئالدى بىلەن ئاساسىي مائارىپنى چىڭ تۇتۇش. كەسپ - تېخنىكا مائارىپىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش. يارامىلىق يېڭى بىر ئەۋلاد ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش لازىم. مانا بۇ. مىللىي رايونلارنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاساسى.

قىسقىسى. مىليونلىغان ئاز سانلىق مىللەت قېرىنداشلار ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىگەن ۋاقىت — مىللىي رايونلار ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ. ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ شان-شەرىپىنى ئاشۇرغان ۋاقىت بولىدۇ. بىز ھەرقايسى مىللەتلەرنى ۋە مىللىي رايونلارنى روناق تاپقۇزۇش. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇزاق ۋاقىت خاتىرجەم ياشىشى ئۈچۈن جاپادىن قورقماي پىداكارلىق بىلەن ئىشلەيدىغانلا بولساق. مىللەتلەر خىزمىتىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرەلەيمىز.

# جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى

جاۋ زىياڭ

يولداشلار:

مەن بۈگۈنكى بۇ يىغىنغا قاتناشقانلىقىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن. مەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا ۋەكالىتەن يىغىننى قىزغىن تەبرىكلەيمەن!

يىغىنغا قاتناشقانلار ئىچىدە دۆلىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدا مەيدانغا كەلگەن ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنىڭ ۋەكىللىرى بار. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مىللىي ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈش، مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش يولىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقانلار. بەزىلىرى خەلقنى خېيىم - خەتەردىن ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، چېگرا رايوننى ساقلاش ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش كۈرىشىدە خىزمەت كۆرسەتكەنلەر. سىلەرنىڭ نەمۇنىلىك ئىش - پائالىيەتلىرىڭلار دۆلىتىمىزدە مىللىي ئىتتىپاقلىق ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىنىڭ يۈكسەلگەنلىكىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. مىللىي مۇناسىۋىتىمىزنىڭ ياخشىلانغانلىقىنى، مىللىي سىياسىتىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك سىياسەت ئىكەنلىكىنى مەلۇم بىر نۇقتىدىن چۈشەندۈرۈپ بەردى. سىلەر ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتتىڭلار. ھەر مىللەت خەلقى سىلەرگە رەھمەت ئېيتىدۇ. گۇۋۇيۈەن سىلەرنى تەقدىرلەيدۇ. مەن سىلەرگە، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي ئىتتىپاقلىق ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقان بارلىق كىشىلەرگە ئېھتىرام بىلدۈرىمەن! شۇنداقلا ھەر مىللەتتىن كەلگەن يولداشلار بىر يەرگە جەم بولغان بۈگۈنكى بۇ كاتتا يىغىندا، مەن تۆت تۈرلۈك پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

## 1. مىللىي مەسىلىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، دۆلىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى توغرا تونۇش لازىم

ئىنسانىيەت تارىخىدا مىللەت ئەزەلدىنلا مەۋجۇت بولغان ئەمەس، بەلكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىي قىلىپ مەلۇم باسقۇچقا يەتكەندە پەيدا بولغان. مىللەت بىلەن دۆلەت بىر كاتېگورىيە ئەمەس. بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال شۇكى: بىر مىللەت باشقا - باشقا دۆلەتلەردە جايلاشقان بولىدۇ، تۇرغۇزۇلغان دۆلەتلەر ئۆز نۆۋىتىدە بىر قانچە مىللەتتىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. مىللەتنى، كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مەھسۇلىدۇر.

مىللىي مەسىلە كۆپ ھاللاردا، سىياسىي مەسىلە، ئىقتىسادىي مەسىلە، مەدەنىيەت مەسىلىسى ۋە دىنىي مەسىلە قاتارلىق مەسىلىلەر بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. بۇ — ھازىرقى دۇنيادا خېلى ئومۇمىي خاراكتېر ئالغان مەسىلە. ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ بىرمۇنچىسىدا مىللىي مەسىلە ھېلىھەم مەۋجۇت. سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئورنىتىلغاندىن كېيىنمۇ، مىللىي مەسىلە شۇنىڭغا ئەگىشىپ يوقالمايدۇ. مىللىي

---

* بۇ — ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى يولداش جاۋ زىياڭنىڭ 1988 - يىل 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋەكالىتەن، تەقدىرلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن مۇھىم سۆزى.

مەسىلىنىڭ ئۇزاقىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى تونۇش ھەمدە ئۇنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنىڭ تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

جۇڭگو كۆپ مىللەتلىك بىر پۈتۈن دۆلەت. جۇڭگودا مىللىي مەسىلە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئالايلۇق، جۇڭگودىكى 50 تىن ئارتۇق مىللەت ئىچىدە خەنزۇلار ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 90 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ، ھەرقايسى مىللەتلەر ھەم ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىككە، ھەم جۇڭخۇا مىللىتىگە خاس ئورتاقلىققا ئىگە؛ جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بىر پۈتۈن جۇڭخۇا ئىلىگە ئۇيۇشقان تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن. مەركەزگە ئىنتىلمەكۈچى ۋە ئۇيۇشۇش كۈچى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان جۇڭخۇا مىللەتلىرى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئىزچىل قوغداپ، ۋەتەننى ئىزچىل قىزغىن سۆيۈپ كەلدى. دۆلەت چەتنىڭ تاجاۋۇزىغا ۋە تەھدىتىگە ئۇچرىغاندا، جۇڭگودىكى مىللەتلەر ھامان سىرتقا بىرلىكتە تاقابىل تۇردى. يىراقتىكىسىنى قويۇپ تۇرۇپ، يېقىنقى زامان تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقىچە ۋە تا ھازىرغىچە ھەرقايسى مىللەتلەر جۇڭگونىڭ مۇستەقىللىقى، بىرلىكى، ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىنىنىڭ پۈتۈنلۈكىنى قوغداش يولىدا ئەللاردا داستان قىلغۇدەك خىزمەت كۆرسەتتى، بىر مۇنچە ۋەتەنپەرۋەر مىللىي قەھرىمانلار مەيدانغا كەلدى. بۇ، پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئىپتىخارى ۋە شان-شەرىپى. بىز چوقۇم بۇ ئۇلۇغ مىللىي ئەنئەنىنى ساقلىشىمىز ۋە جارى قىلىشىمىز لازىم.

## 2. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىدە چىڭ تۇرۇش — پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدىكى ئاساسىي فاڭجېنى ۋە ئاساسىي سىياسىتى

پارتىيىمىز مىللەتلەر ئەزەلدىن چوڭ-كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پۈتۈنلەي باپباراۋەر، دەپ قاراپ كەلدى. مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىيات سەۋىيىسىدە پەرق بولىدۇ، لېكىن پەرق ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، مىللەتلەر ئېسىل-ناچار، ئالىي-پەس دەپ ئايرىلمايدۇ. دۆلىتىمىزدىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەمگەكچان، باتۇر ۋە پاراسەتلىك مىللەتلەر، ۋەتەننىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان مىللەتلەر. بىزنىڭ ئۇلۇغ خەلق جۇمھۇرىيىتىمىزنى ھەر مىللەت خەلقى بىرلىكتە بەرپا قىلغان. جۇڭگونىڭ شانلىق مەدەنىيىتىنى ھەرقايسى مىللەتلەر بىرلىكتە ياراتقان. مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى بىلەن بېيىتتى. قەدىمدىن ھازىرغىچە مىللەتلىرىمىزنىڭ ھەممىسى پەخىرلەنگۈدەك يېڭىلىق يارىتىپ كەلدى ۋە ئۇلارنىڭ مۇنەۋۋەر ئەرباپلىرى مەيدانغا كېلىپ تۇردى.

ھازىرقى دۇنيادا مىللىي كەمسىتىش تېخى خېلى ئومۇميۈزلۈك ئەھۋال بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. ۋاھالەنكى، بىزنىڭ دۆلىتىمىزدە" ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كەمسىتىشكە يول قويۇلمىغانىنىڭ ئۈستىگە ئاز سانلىق مىللەتلەرنى قوغداش، ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇلارغا ئوبدان مۇئامىلە قىلىش قانۇن ۋە سىياسەتلىرىمىزدە ئېنىق بەلگىلەنگەن. بۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قەتئىي تەۋرەنمەس تەشەببۇسى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك تۈزۈمىمىزنىڭ تەلىپى. دەرۋەقە، ئەمەلىي خىزمەتتە تېخى بىر مۇنچە مەسىلىلەر ساقلىنىۋاتىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن خىزمىتىمىزنى تىرىشىپ ياخشىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئىلگىرى: «خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ» دېگەن ئىدۇق. بۇ سۆزدە دۆلىتىمىزدىكى مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ ئەمەلىيىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. پۈتۈن مەملىكەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، دۆلىتىمىز كۆپ مىللەتلىك بىر پۈتۈن دۆلەت، شۇڭا ئۇلارنىڭ بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقى تۇرغان گەپ. قىسمەن جەھەتتىن ئالغاندا، بىر مۇنچە جايلاردا تۈرلۈك مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئەمگىكى بىلەن شۇ جايلارنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى گۈللەنگەن، شۇ جايلارنىڭ ئومۇمىي ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشى ھاسىل بولغان، بۇ مۇناسىۋەتمۇ گۆش بىلەن قاندەك بىرىكىپ كەتكەن ئايرىلماس يېقىن مۇناسىۋەتتۇر. خەنزۇلار كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدىغان

جايلاردىمۇ مىللەتلەر ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىشى، بىر - بىرىنى ھۆرمەت قىلىشى، بىر - بىرىگە ياردەم بېرىشى ۋە باراۋەرلىك ئاساسىدا ئىناق ئۆتۈشى لازىمكى، باشقا مىللەتنى كەمسىتىدىغان ئىشلارنىڭ ھەرقانداقىنى قىلماسلىقى لازىم. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئىشلەۋاتقان خەنزۇ كادىرلارنىڭمۇ، بەرلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق ئارتۇقچىلىقى ۋە ئالاھىدىلىكى بار. ئۇلار زىچ ئىتتىپاقلىشىشى، بىر - بىرىدىن ئۆگىنىشى ۋە باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى بىلەن ئۆزىنىڭ كەم تەرپىنى تولدۇرۇشى كېرەك. خەنزۇ كادىرلار ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ئالاھىدە ھۆرمەت قىلىشى ۋە ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلغان جايلارنى ئوبدان گۈللەندۈرۈش يولىدا ھەممەيلەن بىر نىيەتكە كېلىپ، تەڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى لازىم. تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشى، روناق تېپىشى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىككە كېلىشى، بېيىشى ھەم قۇدرەت تېپىشىغا پايدىلىق ئىش قىلىش بارلىق مەسىلەرنى كۆزىتىشتىكى ئاساسىمىز ۋە ھەق - ناھەقنى ئايرىشتىكى ئۆلچىمىمىز بولۇپ قالسۇن.

ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى، شۇنداقلا جۇڭخۇا ئېلىنى گۈللەندۈرۈش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى. ئىتتىپاقلىشىش، بۆلۈنۈشنى رەت قىلىپ بىرلىككە ئىنتىلىش — جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى. ھازىر ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر ۋەتەننى پارچىلاشقا ئۇرۇنماقتا، كورۇنۇپ تۇرۇپتۇكى، ئۇلار ھەرگىزمۇ ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلمايدۇ، ئۇلار جۇڭگوغا قارشى ئاشقى كۈچلەرنىڭ گۇماشتىسىدىنلا ئىبارەت، خالاس. جۇڭگو ئاجىزلىشىپ كەتكەن تارىخىي دەۋرلەردىمۇ ۋەتەننى پارچىلاش يولىدىكى ھەرىكەتلەرنىڭ ھەرقاندىقى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەتئىي قارشىلىقىغا ۋە لەنىتىگە ئۇچرىغان، بولۇپمۇ جۇڭگو گېگانت ئادەمدەك دۇنيادا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بۈگۈنكى كۈندە، ئاز ساندىكى بۆلگۈنچىلەر ۋە ئۇلارنى قوللاپ جۇڭگوغا قارشى تۇرۇۋاتقان ئاشقى كۈچلەرنىڭ جۇڭگونى پارچىلاش سۇيىقەستى مۇتلەق ئىشقا ئاشمايدۇ. خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئېيتقىنىدەك، بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ قۇربى يەتمەيدۇ.

بىز مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن، مىللىي سىياسەتنى ۋە دىنىي سىياسەتنى داۋاملىق ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «سول» چىللىقنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىپ، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەقىقىي ھەل قىلىشىمىز كېرەك؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بۆلگۈنچىلىككە قىلچە ئىككىلەنمەي قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى پارچىلاش ھەرىكىتىدە بولغانلارنى قانۇن بويىچە قەتئىي جازالىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي زەربە بېرىشىمىز لازىم. بۇ ئىككى تەرەپ بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ ۋە بىر - بىرىگە باغلانغان بولىدۇ، ئۇلارنىڭ بىرىنى دەپ، يەنە بىرىدىن كېچىشكە بولمايدۇ.

### 3. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش لازىم

دۆلىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلە ھازىر تولاراق ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى جىددىي تەلەپ قىلىش مەسىلىسىدە ئىپادىلەنمەكتە. بىز مۇشۇ جەھەتتىكى خىزمەتنى چوقۇم كۈچەيتىشىمىز كېرەك.

. ھازىر دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلغان جايلار مەملىكىتىمىز ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 60 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ، تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ جايلاردا دۆلىتىمىزنىڭ دېڭىز بويىدىكى جايلىرىغا قارىغاندا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇپ قالغان، ئاۋار ئىگىلىكى تەرەققىي قىلمىغان. شۇڭا،

زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تېخىمۇ مۈشكۈل. دۆلەت دېڭىز بويىدىكى رايونلارنىڭ ئاساسەن شەرت - شارائىت يارىتىپ، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىدىن ۋە ئىمكانىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇپ، دۆلەتكە كۆپرەك تۆھپە قوشۇشىغا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ؛ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا سىياسەتتە كەڭ بولغاندىن تاشقىرى، ئۇلارغا باشقا جەھەتلەردىن مەدەت ۋە ياردەم بېرىپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىزنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە. شۇڭا، بۇ مەسىلىنى ئوبدان ھەل قىلىشىمىز كېرەك.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلغان جايلارنىڭ زېمىنى ناھايىتى كەڭ. دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستى بايلىقى مول. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا غايەت زور ئارتۇقچىلىق ۋە يوشۇرۇن تەرەققىيات ئىمكانىيىتى. ھەر مىللەت كادىرلىرىمۇ ئاممىسىمۇ ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە تۇرغۇن ئۆزگىچە تەجرىبە ھاسىل قىلدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا، بەزىلىرى «بوستانلىق دېھقانچىلىقى» بىلەن شۇغۇللىنىشقا ماھىر. بەزىلىرى ئېگىزلىك ۋە تاغلىق جايلارنى ئۆزلەشتۈرۈش ۋە گۈللەندۈرۈشتە ئالاھىدە قابىلىيەتكە ۋە ماسلىشىش ئىقتىدارىغا ئىگە ۋەھاكازا. بەزى مىللىي رايونلاردا چېگرا ئىقتىسادىي ۋە تاشقى سودىسىنى راۋاجلاندۇرۇشتا پايدىلىق شارائىتلارمۇ بار. بۇ ئارتۇقچىلىقلارنى توغرا تونۇپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرساق، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تېخىمۇ تېز راۋاجلاندۇرالايمىز.

دۆلىتىمىز ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشىنىڭ ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تارىخىي دەۋرىدە تۇرماقتا. بۇ يېڭى تارىخىي دەۋردە، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىمۇ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت تارىخىي ئېقىمدىن ۋە ئىجتىمائىي شارائىتتىن ئايرىلالمايدۇ. پۈتكۈل دۆلەت ئىسلاھات ئېلىپ بارماي، ئىشىكنى ئېچىۋەتمەي تۇرۇپ ئىستىقبال تاپالمايدۇ؛ مىللەتلەرمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بارماي، ئىشىكنى ئېچىۋەتمەي تۇرۇپ ئىستىقبال تاپالمايدۇ. بىز ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت باش فاڭجېن بىلەن باش سىياسەتنى مىللىي خىزمەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

مىللىي رايونلار ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە، ئىختىساسلىق خادىملارنى جەلپ قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. قەيەردە ئىختىساسلىق خادىملار (جۈملىدىن ئىختىساسلىق پەن - تېخنىكا خادىملىرى، ئىختىساسلىق باشقۇرۇش خادىملىرى ۋە ماھىر ئۇستىكار قاتارلىقلار) كۆپ بولسا، شۇ يەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتى تېز تەرەققىي قىلىدۇ. مەملىكەت بويىچە ئالغاندا شۇنداق. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلغان جايلار ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ شۇنداق. ئىختىساسلىق خادىم قىس بولسا، تەبىئىي بايلىق مەنبەسى ھەر قانچە مول بولغان بىلەنمۇ ئاچقىلى بولمايدۇ. پۇل ۋە ئوبيېكتىپ بولغان بىلەنمۇ ئۇنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرغىلى بولمايدۇ. بۇنى تۇرغۇن ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدى. دېمەك، ئىختىساسلىق خادىم — ئاچقۇچ. دۆلەت ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا ياردەم بېرىشتىمۇ ئەقلىي جەھەتتىن، ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش، تەربىيىلەش ۋە قوبۇل قىلىش جەھەتتىن ياردەم بېرىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. شۇنداق قىلساق، دەل جايىنى تېپىپ ياردەم بەرگەن بولىمىز.

مىللىي رايونلار ئىختىساسلىق خادىملارنى جەلپ قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىچكى - تاشقى مەبلەغ ۋە پەن - تېخنىكىنى پائال قوبۇل قىلىپ، ئاۋاز ئىگىلىكىنى زورقوچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئىچكى بازار ۋە خەلقئارا بازاردىكى رىقابەتكە دادىل قاتنىشىشى كېرەك. ئىقتىسادىي ئالاقە ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى جەريانىدا باشقا مىسىتلەر ۋە باشقا رايونلارنىڭ ئىلغار تەجرىبىسىنى ھەم ئېسىل مەدەنىيىتىنى ئۆزلەشتۈرۈشكە ماھىر بولۇشى كېرەك.

مىللىي رايونلاردا ئىشلىك تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىلسە، قىممەتلىك مىللىي مەدەنىيەت يوقىلىپ كېتەمدۇ؟ ياق، يوقالماي كەتمەيدۇ. قەدىمدىن ھازىرغىچە جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى تۇرغۇن تارىخىي پاكىتلار شۇنى

ئىسپاتلىدىكى، ھەرقانداق بىر مىللەت ياشاش ۋە تەرەققىي قىلىشتا، ئالالاشقا ئېگىشلىك توغرا يول بېكىنىۋېلىش يولى ئەمەس، بەلكى ئىشكىنى ئېچىۋېتىش بولىدۇ. كېيىن ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئىسلاھاتنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا، ئىشىكنىڭ ئېچىۋېتىلىشىگە ۋە تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، مىللەتلەر ئارا ئىقتىسادىي ئالاقە ۋە مەدەنىيەت، ئالاقىسى پەيدىنپەي كۆپىيىپ بارىدۇ. مىللەتلەر ئۆزئارا ئۆگىنىدىغان، بىر - بىرىنىڭكىنى ئۆزلەشتۈرىدىغان يۈزلىنىش كۈچىيىدۇ. مۇشۇ جەرياندا، مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە دىنىي ئېتىقادى داۋاملىق ھۆرمەت قىلىنىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ۋە مىللەتنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان بارلىق مىللىي ئەنئەنە ۋە مىللىي مەدەنىيەت يوقالمايدۇ. بەلكى يېڭى ئاساستا بېيىپ ۋە راۋاجلىنىپ بارىدۇ. مىللىي تەرەققىياتقا ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان كونا ئىدىيە، كونا ئۆرپ - ئادەتكە كەلسەك، ئۇلارنى شۇ مىللەت ئاممىسىنىڭ ئۆزى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدا ئاڭلىق ئاساستا چۆرۈپ تاشلايدۇ. ئەلۋەتتە، ھالبۇكى، مۇشۇنىڭ ئۆزى بىر تەرەققىياتتۇر. ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋەتكەن مىللەت ھەققىي گۈللەنگەن ۋە تەرەققىي تاپقان مىللەت بولىدۇ. بىر مىللەت ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋەتكەندىلا، ئۆزىنى باشقا مىللەتلەر بىلەن سېلىشتۇرۇش داۋامىدا، ئۆز مىللىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ قىممىتىنى بىلەلەيدۇ. تېخىمۇ قەدىرلىيەلەيدۇ ۋە راۋاجلاندۇرالايدۇ. زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىدا، مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر جەزمەن ئۆزلىرىنىڭ تېخىمۇ پارلاق ئىستىقبالىنى ياپالايدۇ.

مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سوتسىيالىزمغا قەدەم تاشلاشتىن بۇرۇنقى ئىجتىمائىي تەرەققىيات سەۋىيىسى ئوخشاش ئەمەس ئىدى. ھازىرقى تەرەققىياتىمۇ تەكشى ئەمەس. مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ھەر جاينىڭ شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈش كېرەككى، ئىچكى رايونلارنىڭ ئۇسۇلىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىدىغان ئىشنى قىلماسلىق كېرەك. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتا، ئىقتىسادىي قانۇنىيەتكە ۋە تەبىئەت قانۇنىيىتىگە قاتتىق ئەمەل قىلىش لازىم. تۈرلۈك رايونلار بىر - بىرى بىلەن قارىغۇلارچە بەسلەشمەسلىكى ھەم بىر - بىرىنىڭكىنى ئۈلۈك دورىماسلىقى كېرەك. ھەرقايسى مىللىي رايونلار قۇرۇلۇشىنى ئۆزىنىڭ شارائىتى ۋە ئارتۇقچىلىقىغا قاراپ پۇختا ئېلىپ بېرىشى، مەنپەئەتكە ئېتىبار بىلەن قارىشى، ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىشى، مەزمۇت قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىشى لازىم. دۆلەت مىللىي رايونلارغا سىياسەتتە تېخىمۇ كەڭ بولۇشى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق ئىشلار ئۈستىدە سىناق ئېلىپ بېرىشقا يول قويۇشى كېرەك. مىللىي رايونلاردا ئۈنۈم بەرگەنلىكى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلانغان ئالاھىدە سىياسەت ۋە ئۇسۇللارنى داۋاملىق يولغا قويۇش ھەمدە پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا، شۇ رايونلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن تەدبىرلەرنى قوللىنىش، سالماق بولۇشقا تېگىشلىك ئىشلاردا جەزمەن سالماق بولۇش، تېز تۇتۇشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئاستىلىتىپ قويماسلىق كېرەك. مىللىي رايونلاردا قانداق يول بىلەن سوتسىيالىزم قۇرۇش — جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى مۇھىم تېما. بىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەجرىبىمىز تېخى يېتەرلىك ئەمەس. مەركىزىي كومىتېت ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ داۋاملىق دادىل ئىزدىنىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئەمەلىيەتتە سىناق قىلىپ، پائال ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىغا ھەققىي ماس كېلىدىغان، ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تاشقان يېڭى تۈزۈلمىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

زېمىنى كەڭ مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي رايونى، ئوتتۇرا رايونى ۋە غەربىي رايونىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى تەكشىسىزلىك ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. يېقىنقى بىر نەچچە يىل مابەينىدە، بەزى مىللىي رايونلىرىمىز بىلەن دېڭىز بويىدىكى رايونلىرىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى پەرق چوڭىيىپ

قالدى. شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، بۇ پەرق مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى خېلى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىۋاتقان، دېڭىز بويىدىكى رايونلارنىڭكى ئۈنىڭدىنمۇ تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەھۋالدا پەيدا بولدى. ھەممە مىللەتنى ئورتاق بېيىتىش ۋە ئورتاق گۈللەندۈرۈش بىزنىڭ نىشانىمىز، لېكىن تەڭ بېيىتىش، تەڭ گۈللەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. خەلقئارا كەسىپ قۇرۇلمىسى تەڭشىلىدىغان ھازىرقى ئوبدان پەيتتە دېڭىز بويىدىكى رايونلارنى پايدىلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ تەرەققىياتنى تېزلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن. دېڭىز بويىدىكى رايونلار مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلانمىسا، ئىچكى رايونلارغىمۇ پايدا ئەكەلمەيدۇ. ئەكسىچە، دېڭىز بويىدىكى رايونلار تەرەققىي قىلسا، ئىچكى رايونلارنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا جەزمەن تۈرتكە بولىدۇ. پۈتكۈل دۆلەتنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى ئاشسا، دۆلەت ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ كۈچ ئاجرىتالايدۇ. دەرۋەقە، بىز شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى پەرقتىن تۇغۇلغان مەسىلىلەرنى يۈكسەك دەرىجىدە ئېتىبارغا ئېلىشىمىز، ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشىمىز ھەمدە توغرا ۋە ئۈنۈملۈك تۈسۇل قوللىنىپ پەيدىنپەي ھەل قىلىشىمىز كېرەك. بۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرا رايونلار ۋە غەربىي رايونلار بىلەن دېڭىز بويىدىكى رايونلار تەرەققىياتتا بىر - بىرىنىڭكىنى تولۇقلايدىغان، بىر - بىرىگە ياردەم بېرىدىغان ۋە ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرىدىغان ستراتېگىيىلىك تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىشى لازىم. دېمەك، دېڭىز بويىدىكى رايونلار بىلەن مىللىي رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى دېڭىز بويىدىكى رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئاستىلىتىش يولى بىلەن ئەمەس، مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە ياردەم بېرىش يولى بىلەن پەيدىنپەي كىچىكلىتىش كېرەك. دۆلەت ۋە تەرەققىي قىلغان رايونلار مىللىي رايونلارغا بېرىدىغان مەدەت ۋە ياردەمنى ئەقلىي كۈچ، مالىيە كۈچى ۋە ماددىي كۈچ جەھەتلەردىن داۋاملىق كۈچەيتىشى لازىم. بۇنداق مەدەت ۋە ياردەمدە ئىقتىسادىي قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر يۈرۈش ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئۆزىنى - ئۆزى تەرەققىي تاپقۇزۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش كېرەك. مىللىي رايونلارنىڭ بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىشتا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ قانۇنغا مۇۋاپىق ئىقتىسادىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداشقا چوقۇم ئەھمىيەت بېرىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆز جايىنىڭ بايلىق مەنبەسىنىڭ ئېچىلىشى ۋە ئۆزلەشتۈرۈلۈشىگە يارىشا ئۆستۈرۈپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم.

### 4. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە تېخىمۇ چىڭ تۇرۇپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى قەتئىي ئىجرا قىلىش كېرەك

مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك يېڭىچە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، شۇنىڭغا لايىق قانۇن ۋە تۈزۈم بولۇشى كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا پۈتۈلگەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى - خەلقىمىزنىڭ ئۇلۇغ ئىجادىيىتى. ئۇ ھەم جۇڭگودا مىللەتلىرنىڭ ئىچكى ئۇيۇشقاقلىقىنى كۈچەيتىپ، كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزنىڭ مىسلىسىز بۈيۈك بىرلىكى ۋە بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىغا كاپالەتلىك قىلدى، ھەم ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، ھەممە مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ۋە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ جارى قىلىنىشى ئۈچۈن قولايلىق تۇغدۇرۇپ بەردى. بۇ تۈزۈمنىڭ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكى، دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغانلىقى بىر نەچچە ئون يىللىق سىناق ئارقىلىق تولۇق ئىسپاتلاندى.

1984 - يىلى جاكارلانغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جەھەتتە ھاسىل قىلىنغان تەجرىبىلەرنىڭ جەۋھىرى. ئۇ دۆلەت بىلەن ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ، خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ شۇنىڭدەك ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانۇن شەكلى بىلەن مۇئەييەنلەشتۈردى. ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلارمۇ، ھەرقايسى تارماقلارمۇ دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى بۇ تۈپ قانۇنىنى ئومۇمىيۈزلۈك ۋە قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇشى ۋە ئەمەلگە قويۇشى لازىم. ھەرقايسى ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا بېرىلگەن ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇشىغا چوقۇم كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنى ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك ئىش، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭلا ئىشى، دەپ قارىماسلىق لازىم. ئالدىنقى بىر مەزگىلدە ئاپتونومىيە قانۇنىدا بەلگىلەنگەن بەزى ئاپتونومىيە ھوقۇقلىرىنىڭ ئوبدان ئەمەلگە ئاشمىغانلىقى كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشى جەھەتتىكى سەۋەبلەردىن بولغان، لېكىن، تېخىمۇ مۇھىمى، مۇناسىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ماسلىشىپ بارالمىغانلىقىدىن بولغان. دېمەك، ئاپتونومىيە قانۇنىنى يولغا قويۇشنى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تېخىمۇ چىڭ ۋە تېخىمۇ ياخشى تۇتۇش لازىم. ئالاقىدار تارماقلار ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ كونكرېت چارىسى ۋە تەپسىلىي قائىدىسىنى ئۆز خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈپ چىقىشى كېرەك. تۈرلۈك كونكرېت بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈشتە ۋە خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشتا، مىللىي رايونلار بىلەن ئىچكى رايونلار ۋە دېڭىز بويىدىكى رايونلارنى «بىر ئاياقتا ھەيدەش»تىن ساقلىنىش لازىم.

ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش لازىمكى، ھەر دەرىجىلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تۈرلۈك ئۇسۇل ۋە تۈرلۈك يوللار بىلەن كۆپلەپ يېتىشتۈرۈش كېرەك. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى ھالقىلىق مەسىلە ئەنە شۇ. سىياسىي، ئىدىيىدە ياخشى بولغان، ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان، ئۆز مىللىتىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەت ئورناتقان، مەدەنىيەتلىك ۋە قابىلىيەتلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈلگەندىلا، مىللەتلەرنىڭ ساپاسى زور دەرىجىدە ئۆسىدۇ، مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى تېخىمۇ ياخشى ئەمەلىيلىشىدۇ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكى تېخىمۇ ئوبدان كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. شۇڭا، بۇنىڭدىن كېيىن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشتە چوقۇم تېخىمۇ زور كۈچ سەرپ قىلىش، تېخىمۇ زور نەتىجە ھاسىل قىلىش كېرەك. مىللىي رايونلاردا ئىشلەۋاتقان بىر مۇنچە خەنزۇ كادىرلار، كۆپ يىللاردىن بېرى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ئۈچۈن سەمىمىي خىزمەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ چوڭقۇر ئىشەنچىسىگە ۋە ئالقىشىغا ئىگە بولدى. مەركىزىي كومىتېت خەنزۇ كادىرلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ داۋاملىق ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىپ، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئۆزئارا ئىشىنىپ، سەمىمىي ھەمكارلىشىپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن بىرلىكتە يېڭى تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

يولداشلار، مىللىي ئىتتىپاقلىق ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىمىزدا ئۇلۇغ تارىخىي مۇۋەپپەقىيەت قولغا كەلدى. مىللىي خىزمەت پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ پۈتكۈل خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىمىز، ھەر مىللەت خەلقىمىز ئۇنىڭغا داۋاملىق ھالدا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. پارتىيىنىڭ 13 - قۇرۇلتىيىدا بەلگىلەنگەن ئاساسىي لۇشيەن بويىچە، بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتىدا چىڭ تۇرۇپ، زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، قەتئىي غەيرەتكە كېلىپ، دۆلىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلانغان توغرا يولىنى بويلاپ داۋاملىق ئالغا بېسىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى!

# بىزنىڭ ھازىرقى ۋەزىپىمىز — ئۆگىنىش

ستالىن

ئىلمىزدە مەيلى يېزا ئىگىلىكى ساھەسىدە بولسۇن، مەيلى سانائەت ساھەسىدە بولسۇن، قۇرۇلۇشقا قاتنىشىشنى ۋە رەھبەرلىك قىلىشنى خالايدىغانلار ئېشىپ - تېشىپ تۇرۇپتۇ. بىراق قۇرۇلۇشنى بىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلالايدىغانلار بولسا ناھايىتى ئاز. ئەكسىچە بىز بۇ ساھەدە ئىنتايىن بىلىمسىز. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، تېخى بىزنىڭ مەدەنىيەتسىزلىكىمىزنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈشكە بەل باغلىغانلارمۇ بار. ئەگەر سەن ساۋاتسىز ياكى چالا ساۋات بولساڭ ھەمدە قالاقلىقىڭ بىلەن ماختانساڭ، «سانائەت» ئىشچىسى بولارمىشسەن. شەرەپكە ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولارمىشسەن. ئەگەر نادانلىقتىن قۇتۇلساڭ، ساۋاتلىق بولساڭ. ئىلىم ئەھلى بولساڭ... ئاممىدىن «ئايرىلىپ» قالارمىشسەن.

مېنىڭچە، بىز بۇنداق ياۋايىلىق ۋە نادانلىقنى توگەتمەيدىكەنمىز، ئىلىم - پەنگە ۋە بىلىملىك كىشىلەرگە تۇتقان مۇنداق ۋەھشىي پوزىتسىيىنى تاشلىمايدىكەنمىز، بىر قەدەممۇ ئالغا باسالمايمىز. ئىشچىلار سىنىپى نادانلىقتىن قۇتۇلمىسا، ئۆزىنىڭ زىيالىيلىرىنى يېتىشتۈرمىسە، ئىلىم - پەننى ئىگىلىمىسە، ئىگىلىكنى ئىلمىي پرىنسىپ ئاساسىدا باشقۇرۇشقا ماھىر بولمىسا، دۆلەتنىڭ ھەقىقىي خوجايىنى بولالمايدۇ.

قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن بىلىم بولۇش كېرەك. ئىلىم-پەننى ئىگىلەش كېرەك. بىلىملىك بولۇش ئۈچۈن ئۆگىنىش كېرەك. قەيسەرلىك ۋە چىدامىلىق بىلەن ئۆگىنىش كېرەك. ھەممە كىشىدىن، دۈشمەنلىرىمىزدىنمۇ، دوستلاردىنمۇ ئۆگىنىش، بولۇپمۇ دۈشمەندىن ئۆگىنىش كېرەك. چىشنى چىشلەپ تۇرۇپ ئۆگىنىش. دۈشمەننىڭ مازاق قىلىشىدىن، يەنى بىلىمسىزلىكىمىزنى، قالاقلىقىمىزنى مازاق قىلىشىدىن قورقماسلىق كېرەك.

ھازىر بىز ھەممە جەھەتتە ئاز - ماز گەپ سېتىشنى بىلىدىغان ئادەتتىكى كوممۇنىست كادىرلارنى، ئادەتتىكى بولشېۋىك كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش بىلەنلا چەكلىنەلمەيمىز. ھازىرقى پەيتتە چالا موللا بولۇش ۋە ئۆزىنى بىلەرمەن چاغلاش بىز ئۈچۈن كىشەن. ھازىر بىزگە مېتاللورگىيە، توقۇمىچىلىق، يېقىلغۇ، خىمىيە، يېزا ئىگىلىكى، ترانسپورت، سودا، بوغالتىرلىق ۋە باشقا جەھەتلەرنىڭ ئەھلى بولغان بولشېۋىك مۇتەخەسسىسلەر كېرەك. ھازىر بىزگە تۈرلۈك بىلىم تارماقلىرىدا كەسىپ ئەھلى بولالايدىغان تۈركۈم - تۈركۈم، مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن يېڭى بولشېۋىك كادىرلار كېرەك. بۇنىڭسىز مەملىكىتىمىزدە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭسىز تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك دۆلەتلەرگە يېتىشىۋېلىش ۋە ئۇلاردىن ئۆتۈپ كېتىشتىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.

ئىلىم - پەننى ئىگىلەش، تۈرلۈك بىلىم تارماقلىرىدا يېڭى بولشېۋىك مۇتەخەسسىس كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش لازىم. ئۆگىنىش، ئۆگىنىش، تازا قەيسەرلىك بىلەن ئۆگىنىش — بىزنىڭ ھازىرقى ۋەزىپىمىز ئەنە شۇ.

(«ستالىن ئەسەرلىرى» 11 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 56-، 66- بەتلەردىن ئېلىندى)

# مىللىي مەسىلىدىكى ئىككى خىل يۈزلىنىش

خۇاڭ جۇ

مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى باخشىلاش — كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزدە ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. پارتىيىنىڭ 13 - قۇرۇلتىيىدا: ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش — دۆلىتىمىزنىڭ نەقەدەر ئالاقىدار چوڭ مەسىلە دەپ قايتا تەكىتلەندى. بۇ بەكۈن ئىلىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ئىكەنلىكى، مىللىي رايونلارنىڭ يەر كۆلىمى پۈتۈن مەملىكەت زىمىنىنىڭ 60 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت تۈپ ئەھۋالغا ئاساسەن چىقىرىلغان.

سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيىگە ئاساسەن مىللىي مەسىلىنى كۆزەتكىنىمىزدە شۇنى كۆرەلەيمىزكى، بىرىنچىدىن، ئېلىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر سوتسىيالىزم يولىغا ماڭدى، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ئاساسەن ئورنىتىلدى. ئىككىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات باسقۇچىدىن ئېيتقاندا، ئۇلار يەنىلا سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئىپتىدائىي دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ (بەزىلەر سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا تۇرۇۋاتىدۇ، دەپ قارىماقتا)، چۈنكى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قالاق ئىجتىمائىي باسقۇچتىن ئايرىلىپ چىققان بولغاچقا، بۇ رايونلارنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى تۆۋەن دېگەندەك ئىككى مۇھىم ۋەزىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى، بىر قەدەر ئىلغار مىللەتلەرگە يېتىشىۋېلىش، يەنى بىز ھەمىشە ئېيتىپ كېلىۋاتقان تارىختىن قېپقالغان ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرسىزلىكنى تۈگىتىش؛ يەنە بىرى، زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش. بۇ، ئىنتايىن مۇشكۈل، ئىنتايىن ئۇزاق جەريان.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش مەسىلىسى مەۋجۇت، بۇ جەھەتتە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى باشقا رايونلارغا ئوخشايدۇ؛ بىراق بۇ يەردە يەنە مىللىي مەسىلە مەۋجۇت، بۇ جەھەتتە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى باشقا رايونلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. يۇقىرىقى ئىككى مەسىلە ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولۇپ، بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدۇ. شۇڭا مىللىي رايونلاردا ھەرقانداق مەسىلىلەرنى كۆزەتكەن ۋە بىر تەرەپ قىلغاندا، مىللىي مەسىلىگە ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ. نۆۋەتتە ئىنتايىن شۇنداق.

## دەسلەپكى باسقۇچ ۋە مىللىي مەسىلە

سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى مىللىي مەسىلىدە ئىككى خىل تەرەققىيات يۈزلىنىش مەۋجۇت. بىرى، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى قاتماللىق ھالەت بۇزۇلۇپ تاشلانماقتا، مىللەتلەر ئارا ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىسى بارغانسېرى كۈچەيمەكتە. مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ئىقتىسادىي سىستېما ۋە بىرلىككە كەلگەن بازار پەيدىنپەي شەكىللەنمەكتە. بەزى مىللىي رايونلاردا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسى ھەتتا شۇ مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالاقىسىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى (مەسىلەن، شىزاڭ رايونىدا). مۇشۇنداق بولغاندا، ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. يەنە بىرى، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدا مىللەتلەر قوشۇلۇپ كەتمەيدۇ ۋە يوقىلىپ كەتمەيدۇ، بەلكى تېخىمۇ گۈللىنىدۇ. مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشى ۋە يوقىلىشى ئىنتايىن يىراق كەلگۈسىدىكى ئىش. ئومۇمەن ئېيتقاندا، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى مىللەتلەر قوشۇلۇپ كېتىدىغان ۋە يوقىلىدىغان تارىخىي باسقۇچ ئەمەس، بەلكى مىللەتلەر ئورتاق گۈللىنىدىغان تارىخىي باسقۇچ. ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەسلىدىنلا تەرەققىي تاپمىغان ھالەتتە تۇرۇپ كەلدى. ئەمما ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، مۇنداق ھالەت پەيدىنپەي ئۆزگىرىدۇ. ئۇلارمۇ تەرەققىي تاپقان ئىلغار مىللەتلەرگە ئايلىنىدۇ. ھەممە مىللەتلەر ئورتاق گۈللىنىدىغان ۋە راۋاج تاپىدىغان مۇنداق تارىخىي جەرياندا، مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئويغىنىش ئېڭى، مىللىي ھېسسىياتى، مىللىي غۇرۇرى ۋە مىللىي ئىپتىخارلىق ھېسسىياتى ئاجىزلاشمايدۇ، بەلكى تېخىمۇ كۈچىيىپ بارىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنى - ئۆزى تونۇش جەريانى تەرەققىي تاپمىغان ھالەتتىن پەيدىنپەي تەرەققىي قىلىش، ئويغىنىشقا قاراپ مېڭىش جەريانىدىن ئىبارەت بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللىي مەدەنىيەت، مىللىي ئەنئەنە ۋە مىللىي ئالاھىدىلىك زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ئاساستا يېڭىلىنىپ، تېخىمۇ بېيىپ بارىدۇ ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ، ھەتتا پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ ئورتاق بايلىقىغا ئايلىنىدۇ. تىل - يېزىق جەھەتتە، ھازىر قوللىنىلىۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقلىرى، بولۇپمۇ چوڭراق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقلىرى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ئەگىشىپ بېيىپ، تەرەققىي قىلىپ ۋە گۈللىنىپ بارىدۇ ھەم ئۆز مىللىتى ئارىسىدا تېخىمۇ يۈكسەك قەدىرلەشكە سازاۋەر بولىدۇ.

قىسقىسى، سوتسىيالىزمنىڭ ئۇزۇن باسقۇچىدا مىللىي مەسىلىگە ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ. مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرگە، مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشىمىز، مىللەتلەرنىڭ ھېسسىياتىغا، ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ۋە تىل - يېزىقىغا ھۆرمەت قىلىشىمىز، مىللەتلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتىنى قەدىرلىشىمىز، جارى قىلدۇرۇشىمىز ھەم «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشىمىز، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز لازىم. بۇ جەھەتتە چوڭ مىللەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز ۋە ئۇنى تۈزىتىشىمىز لازىم. يەنە بىر تەرەپتىن، مىللەتلەر ئىنتىپاقلىقى توغرىسىدا

تەربىيە ئېلىپ بېرىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بۈيۈك ئىتتىپاقلىقنى داۋاملىق مۇستەھكەملىشىمىز ۋە كۈچەيتىشىمىز لازىم. بۇ جەھەتتە، تار يەرلىك مىللەتچىلىكنىڭ، ھەتتا بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە — دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ سىياسىتى ۋە تۈزۈمى. مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى ئوبدان يولغا قويغاندىلا، ئاندىن دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرغىلى، بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ۋە ئۇنى تۈگەتكىلى بولىدۇ. بىز دالاي گۇرۇھىنىڭ بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتە ئاپتونومىيە ئارقىلىق بۆلۈنۈشكە قارشى تۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدۇق، بۇ پرىنسىپ باشقا مىللىي رايونلارغىمۇ تامامەن باپ كېلىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى ياخشى يولغا قويۇش ئۈچۈن، مۇنداق ئىككى چوڭ مەسىلىنى ئوبدان ھەل قىلىش لازىم. بىرى، كادىر ۋە مۇتەخەسسىس ئىگىلىرى مەسىلىسى؛ يەنە بىرى، سىياسەت مەسىلىسى. ئازادلىقتىن كېيىن، بىز نۇرغۇن مىللىي كادىر تەربىيىلىدۇق. لېكىن ئۇلارنىڭ سەۋىيىسى دېگەندەك يۇقىرى ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئارىسىدا ھەر خىل ئىگىلىك باشقۇرۇش خادىملىرى ۋە پەن - تېخنىكا خادىملىرى ناھايىتى ئاز. بۇنىڭدىن كېيىن، ھازىر بار مىللىي كادىرلارنى ئوبدان تەربىيىلەش ھەم داۋاملىق تېخىمۇ كۆپ مىللىي كادىر، مۇتەخەسسىس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش لازىم. مىللىي كادىرلار ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇشى ھەم ئۆز مىللىتى بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپ، ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئىتىگە تولۇق ۋەكىللىك قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ پىكىر - تەلەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى لازىم. بۇ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى ئوبدان يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم ھالقىسى.

سىياسەت مەسىلىسىدە، سىياسىتىمىزنى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىككە ۋە رايون ئالاھىدىلىككە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش لازىمكى، «ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەش»كە بولمايدۇ. مىللىي ئاپتونوم جايلار ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىشى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىشى، ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ ئىش قىلىشى لازىم. ئىسلاھاتنىمۇ، قۇرۇلۇشنىمۇ مۇشۇنداق قىلىش لازىم. بولۇپمۇ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا دۆلەت ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى بايلىق مەنبەلىرىنى ئاچقاندا، شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەنپەئىتىنى تولۇق ھېسابقا ئېلىش لازىم. بۇ ناھايىتى چوڭ مەسىلە. ئۆتكەندە بۇ مەسىلىگە دېگەندەك ئەھمىيەت بېرىلمىدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر بۇنىڭدىن بەكمۇ نارازى بولۇشتى. شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا باراۋەرلىكتە ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى ئوبدان يولغا قويۇشمۇ چوڭ مەسىلە. بۇ جەھەتتە، دۆلەت ئوتتۇرا قىسىم ۋە غەربىي شىمالنىڭ تەرەققىياتىنى پەيدىنپەي تېزلەتكەندىن باشقا، بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا باراۋەرلىكتە ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئاساسىدىكى توغرا لىنىيىلىك بىرلىشىشنى يولغا قويدى. بۇ ناھايىتى ياخشى تەجرىبە، ئۇنى داۋاملىق يولغا قويۇش لازىم. بۇنىڭدىن باشقا، بىرلىكسەپتىكى كۈچلەرنى چېگرا رايونلارغا، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئەقلىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەر قىلىشمۇ ياخشى تەجرىبە. ئۇنى داۋاملىق ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم.

# مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئىشىنى كۈچەيتەيلى

شى جۈن

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئىشىنى كۈچەيتىش» مەسىلىسىنى يېقىندا ج ك پ گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ھەممەيلەننىڭ دىققەت قىلىشىغا ۋە ئەھمىيەت بېرىشىگە ئەرزىيدىغان بىر ئىش.

كىشىلەر ئېھتىمال: مىللىي تېررىتور-ىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇۋاتقىنىغا 30 يىل بولغان گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونى نېمە ئۈچۈن بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە يەنىلا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئىشىنى كۈچەيتىش مەسىلىسىنى تەكىتلەيدۇ؟ دەپ سورىشى مۇمكىن. بىراق بۇنىڭ ئەجەبلىنەرلىكى يوق. چۈنكى گۇاڭشىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلۇپ ناھايىتى زور نەتىجە يارىتىلدى. بۇ يەردە خېلى بۇرۇنلا قويۇق سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت ۋە تىنچ - ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەت شەكىللەندى؛ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. تەربىيىلىنىپ چىققان زور تۈركۈم جۇاڭزۇ كادىرلىرى ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا، ھەر خىل كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلاردا تايانچلىق رولىنى جارى قىلدۇرماقتا.

لېكىن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونو-مىيىنى يولغا قويۇش، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ۋە قانۇندا بەلگىلەنگەن ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزۈش جەھەتتىن ئېيتقاندا، گۇاڭشىدا يەنە نۇرغۇن مەسىلە ساقلانماقتا. شۇڭا، گۇاڭشىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئىشىنى كۈچەيتىپ، ئېلىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ئاساسىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى قېلىپلاشتۇرۇش — گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. ئەمەلىيەتتە، يالغۇز گۇاڭشىدىلا ئەمەس، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى باشقا مىللىي ئاپتونوم رايونلاردىمۇ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئىشىنى كۈچەيتىش مەسىلىسى نۆۋەتتىكى جىددىي ئېھتىياجلىق ئىش بولۇپ تۇرماقتا.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ تەركىبىگە ھەم ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئالاھىدە تۈزۈم؛ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئېلىمىزدىكى ئالاھىدە جايلاردۇر. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ھەم ئۇنىڭ فۇنكسىيىلىك ھوقۇقى جەھەتتە بولسۇن ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا يېتەكچىلىك قىلىشى ۋە ياردەم بېرىشىدە بولسۇن، مىللىي

ئاپتونومىيە ۋە مىللىي خىزمەت

ئاپتونومىيىلىك جايلار ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك يەرلىك ئورۇنلاردىن خېلىلا پەرقلىنىدۇ. بۇلار ئاساسەن تۆۋەندىكى تۆت ئۇقتىدا ئىپادىلىنىدۇ.

1) ئاپتونومىيىلىك ئورگانلارنىڭ مەمۇرىي باشلىقلىقىنى چوقۇم ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتتىن بولغان گىراژدان ئۆستىگە ئېلىشى ۋە ئۆزىگە قاراشلىق بارلىق خىزمەت تارماقلىرىغا ئىمكان قەدەر مىللىي كادىرلارنى قويۇشنى تەكىتلىشى كېرەك؛ 2) ئاپتونومىيىلىك ئورگانلار قانۇن - بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، تەڭ دەرىجىلىك يەرلىك ئورگانلار ۋە دۆلەت ئورگانلىرى يۈرگۈزەلمەيدىغان ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ؛ 3) مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئالاھىدە سىياسەت ۋە جانلىق تەدبىر قوللىنىپ، ئۆز جايىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتسە بولىدۇ؛ 4) يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا ئادەتتىكى يەرلىك ئورگانلار ۋە دۆلەت ئورگانلىرىغا مۇئامىلە قىلغانغا ئوخشاش رەھبەرلىك قىلماستىن، بەلكى ئاساسىي قانۇن ۋە ئاپتونومىيە قانۇنىدا بەلگىلەنگەن رەھبەرلىك پىرىنسىپى بويىچە ئىش كۆرۈشى كېرەك.

ھازىرقى ئەمەلىيەتتىن ئېيتقاندا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ يۇقىرىقى بۇ ئالاھىدىلىكلىرىنى تونۇشتا يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مەسىلە ساقلانماقتا. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىرىنچىدىن، ئاپتونوم جايلارنىڭ ئادەتتىكى جايلاردىن قانداق پەرقى بار، قانداق ئاپتونومىيە ھوقۇقى بار، بۇ ئاپتونومىيىلىك ھوقۇقلارنى قانداق قىلغاندا تولۇق يۈرگۈزگىلى بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلىنى ئۇرغۇن يولداشلار (بىر قىسىم رەھبىرىي يولداشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تېخىچە چۈشەنمەيدۇ ۋە ئوبدان تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلمايدۇ. ئۇلار پۈتۈنلەي يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورۇنلىرىنىڭ بەلگىلىمە ۋە يوليورۇقى بويىچە ئىش قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، «ھەممىنى بىر ئاياقتا ھەيدەش» ئۇسۇلى بويىچە ئىش كۆرىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئۇلارنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بولغان تونۇشى بىر تەرەپلىمە بولغانلىقتىن، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىدىن مالىيە، ماددىي ئەشيا، تېخنىكا جەھەتلەردە كۆپرەك غەمخورلۇق قىلىشنى، ياردەم بېرىشنى ئۈمىد قىلىدۇ ۋە تەلەپ قىلىدۇ، ھەتتا ئاپتونومىيىلىك جاينىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت بۇ زور ئۈستۈنلۈكنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز جايىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئاز تەتقىق قىلىدۇ. يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىدىن ئېيتقاندا، گەۋدىلىك مەسىلە — مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا يېتەرلىك ھۆرمەت قىلماسلىق، مىللىي رايونلاردا بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىپ پايدىلانغاندا، شۇ جايلاردىكى ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە ئېتىبار بەرمەسلىك، بولۇپمۇ سىياسىي، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا ۋە كۈندىلىك رەھبەرلىك خىزمىتىدە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئويلاشماي، «ھەممىنى بىر ئاياقتا ھەيدەش» تەك ئەھۋاللار بىر قەدەر ئېغىر ساقلانماقتا. دېمەك بۇ، ئەمەلىيەتتە ئاپتونومىيىلىك ئورگانلارنى قارانچۇق قىلىپ قويۇپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك ئورگانلارنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان ھالدا ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن خىزمەت قىلىشىغا يول قويمىغانلىق بولىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۈرلۈك ئەھۋاللارنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇ. شۇڭا، مەيلى گۇۋاڭشىدا بولسۇن ياكى پۈتۈن مەملىكەتتە بولسۇن، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئېڭىنى كۈچەيتىش مەسىلىسىنى قايتا تەكىتلەش ئىنتايىن زۆرۈر.



# تاجىكلار ھەققىدە قىسقىچە بايان

نىزامىدىن ھۈسەيىن

تاجىكلار — ئاسىيادا ياشاپ كەلگەن قەدىمكى خەلقلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇزاق تارىخىي زامانلار ئىچىدە ئۇلار نۇرغۇن قەبىلىلەرگە بۆلۈنۈپ، دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىغا تارقىلىپ ماكانلاشقان. تاجىكلارنىڭ ھازىرقى زاماندىكى ئەڭ چوڭ قەبىلىلىرى — «زىباك تاجىكلىرى»، «شۇغنان تاجىكلىرى»، «بەرتان تاجىكلىرى»، «ئىسكانتۇم تاجىكلىرى»، «يازقۇرۇم تاجىكلىرى»، «رەۋشات تاجىكلىرى»، «سىرىقۇل تاجىكلىرى»، «ۋاخان تاجىكلىرى» ... قەبىلىلىرىدىن ئىبارەتتۇر. بۇ قەبىلىلەر ئوخشاشلا «تاجىك» نامى بىلەن ھازىرقى زاماندا ئافغانىستان، پاكىستان، بېنگال، ئىران، سوۋېت ئىتتىپاقى، جۇڭگو، ھىندىستان، كەشمىر قاتارلىق نۇرغۇن ئەللەردە بىر قەدەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. كۆپرەك مەركەزلەشكەن يەرلىرى ئافغانىستان (بۇ دۆلەت ئاھالىسىنىڭ 30 نەچچە پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ)، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئىران ۋە پاكىستان بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسى 7 مىليوندىن كۆپرەك. تاجىكلار ئاساسەن ئىسلام دىنىنىڭ ھازىر پاكىستان، بىرما، ھىندونېزىيە، شەرقىي ئافرىقا، جەنۇبىي ئافرىقا، ھىندىستان، ئىران، ئىراق، سۈرىيە قاتارلىق مەملىكەتلەردە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان شىئە - ئىسمائىلىيە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ.

ئېلىمىز تاجىكلىرى ئۇزاق تارىختىن بېرى ئۆزلىرىنى ئاساسەن «سىرىقۇل تاجىكلىرى» ۋە «ۋاخان تاجىكلىرى» دەپ ئاتاپ، ئىككى چوڭ قەبىلە بويىچە ياشاپ كەلمەكتە. بۇلار ۋەتىنىمىزنىڭ تۇپ يەرلىك خەلقلىرىدۇر. «سىرىقۇل تاجىكلىرى» قەدىمكى زاماندىن تارتىپ، ئېلىمىزنىڭ پامىر ئېگىزلىكىدىكى سىرىقۇل تەكشىلىكىدە ياشاپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى يەر نامى بىلەن «سىرىقۇل تاجىكلىرى» دەپ ئاتىغان. ئۇلارنىڭ تىلى ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىنىڭ ئىران تىل گۇرۇپپىسى (شەرق تىللىرى) تارمىقىغا كىرىدۇ. بۇ تىلدا 37 تاۋۇش بولۇپ، ئۆزىگە خاس گرامماتىكىلىق قائىدىگە ئىگە. ھازىر بۇ تىل «سىرىقۇل تىلى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر سىرىقۇل تاجىكلىرىنىڭ بىر قىسىم مىرزىلىرى دۇنياۋى تاجىك يېزىقىنى (پارس يېزىقى ئاساسىدىكى يېزىقنى) ئارىلاپ قوللىنىپ كەلگەن. 1935 - يىلى سىرىقۇل تەكشىلىكىدىكى بۇرۇنقى پورى ناھىيىسىنىڭ مەركىزى تاشقورغان شەھىرىدە باشلانغۇچ پەننى مەكتەپ قۇرۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆزلەشتۈرۈپ (ئۇيغۇر يېزىقىدا تاجىكچە يېزىپ) يېڭى يېزىق مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن. ئېلىمىزدىكى يېڭى سوتسىيالىستىك تاجىك مىللىتى ئەنە شۇ «سىرىقۇل تاجىكلىرى» نى تۈپ گەۋدە قىلغان بولۇپ، تارىختىن بۇيان تاكى ئازاد بولۇپ





تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇلغانغا قەدەر پۇرى ناھىيىسى نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن بۇ كەڭ زېمىندا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. 1986 - يىلىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شىنجاڭدىكى تاجىكلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 29 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، بۇلار چارۋىچىلىقنى مەركەز قىلىپ ۋە باشقا كەسىپلەر بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللانماقتا. بۇلارنىڭ مەركىزىي شەھىرى — ھازىرقى تاشقورغان شەھىرىدۇر.

ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ يەنە بىر چوڭ قەبىلىسى — «ۋاخان تاجىكلىرى» قەبىلىسىدۇر. بۇ قەبىلىنىڭ ئەجدادلىرى تارىختا ئافغانىستاننىڭ شىنجاڭ بىلەن چېگرىلىنىدىغان ۋاخان ئۆلكىسىنى (ھىندىقۇش تاغ ئېتەكلىرىنى) مەركەز قىلىپ ياشاپ، ئاتا - بوۋىلىرى شۇ يەردىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن يەنىلا تارىختىكى كونا يەر نامى بىلەن ئۆزلىرىنى «ۋاخانىلار»، يەنى «ۋاخان تاجىكلىرى» دەپ ئاتاپ كەلگەن. بۇلارنىڭ بۇرۇنقى تىلى ئافغانىستاندىكى دارى تىلى بىلەن پۇشتۇ تىلىنىڭ ئارىلاشما (شالغۇت) شېۋىسىگە يېقىنراق كەلگەن ۋاخان تىل شېۋىسىدۇر. بۇلارمۇ 1930 - يىللىرىدىن كېيىن شىنجاڭدا باشلانغۇچ يېڭى مەكتەپ ئومۇملاشتۇرۇلۇشقا باشلىغان چاغلاردا ئۇيغۇر يېزىقىنى قوبۇل قىلىپ، بارا - بارا ئۇيغۇر تىلىنىمۇ ئۆزلەشتۈرۈپ (ئىچكى تۇرمۇشتا ۋاخان شېۋىسىنىمۇ قوللىنىپ)، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە ئۆزلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك يېڭى مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈپ كەلمەكتە. بۇلار ئاساسەن پامىر، كۇئېنلۇن، تىيانشان تاغلىرىنىڭ باش ئېتەكلىرىدىن باشلانغان زەرەپشان (يەكەن)، خالاستان (قاغىلىق)، پۇرى (سېرىقفول)، گىس (گەز)، سانجۇ (گۇما) قاتارلىق دەريا - ئېقىنلارنىڭ ئېرىم ۋادىسىغا قاراپ ئاققان كەڭ ئېدىرلىق تاغ رايونلىرىدا، قاغىلىق، پوسكام، يەكەن، ئاقتۇ، گۇما ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەربىدىكى ئورغۇن جايلاردا تارقاق ئولتۇراقلاشقان. بۇلارنىڭ بىر قەدەر كۆپرەك جايلاشقان يەرلىرى پوسكام ۋە يەكەننىڭ غەربىي رايونلىرىدۇر. ئازادلىقتىن كېيىن، يەكەن قاتارلىق جايلاردا ئۇلارنىڭ ئاپتونوم يېزىلىرى قۇرۇلغان. دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىپ، باشقا كەسىپلەر بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللىنىدۇ. يېقىنقى سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭمۇ نوپۇسى خېلى زور كۆپەيگەن. بۇلاردىن باشقا، شىنجاڭنىڭ باشقا يەرلىرىدە تارقاق ياشاۋاتقان تاجىكلارمۇ ئاز ئەمەس. 40 - يىللاردىن بۇرۇنقى كونا جۇڭگودا بۇ ئىككى قەبىلىنىڭ ئۆزئارا تىل جەھەتتىكى پەرقلىرى (بۇ قەبىلە كىشىلىرىنىڭ تەرجىمانسىز سۆزلىشەلمەيدىغانلىقى)، تۇرمۇش جەھەتتىكى بەزى ئوخشىماسلىقلىرى، تارقاق ماكانلاشقانلىقى ۋە باشقا ئويدۇرما سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇلار بىر مىللەت سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىنماي، پەقەت «تاجىك» نامى بىلەنلا ئاتىلىپ كەلگەن. ئازادلىقتىن كېيىنلا كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى بويىچە پامىر رايونىنى بىر پۈتۈن تېررىتورىيە بىرلىكى قىلغان يەر بىرلىكى، مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتە تۇرغان ئېتنوگرافىك خۇسۇسىيەت بىرلىكى، تارىخىي بىرلىك ۋە باشقا ئوخشاشلىقلار ئاساسىدا سوتسىيالىستىك تاجىك مىللىتى تولۇق بىر مىللەت دەپ ئېتىراپ قىلىنىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

# مىللىي مەسىلىنىڭ ماھىيىتىگە بولغان بىرقانچە خىل قاراش

دۇ يۇدى

سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى مىللىي مەسىلىنىڭ ماھىيىتى نىمە؟ ھازىر بۇ ھەقتە بىر قانچە خىل قاراش بار، بۇنى ئىپادىلەش جەھەتتىمۇ ئوخشاشماسلىق بار. بۇ مەسىلىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇھاكىمە قىلىش — چوڭقۇر نەزەرىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، مۇھىم ئەمەلىي ئەھمىيەتكىمۇ ئىگە.

بىرىنچى خىل قاراشتىكىلەر: مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ساقلىنىۋاتقان ئەمەلىيەتتىكى تەڭسىزلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت، دەپ ھېسابلايدۇ. شۇنى كۆرسىتىش كېرەككى، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش — سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى تۈپ ۋەزىپە، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ساقلىنىۋاتقان ئەمەلىيەتتىكى تەڭسىزلىكنى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى مىللىي مەسىلىنىڭ ماھىيىتى دەپ قاراشقا بولىدۇ. لېكىن، مۇنداق تەڭسىزلىكنى تۈگىتىشنى مىللىي مەسىلىنىڭ ماھىيىتى دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، مۇنداق تەڭسىزلىكنى تۈگىتىش مىللىي مەسىلىنىڭ ماھىيىتى بولماي، مىللىي خىزمەتنىڭ ۋەزىپىسىدىن ۋە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتىدىنلا ئىبارەت.

ئىككىنچى خىل قاراشتىكىلەر: مىللىي مەسىلىنىڭ ماھىيىتى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت، دەپ ھېسابلايدۇ. مۇنداق ئىپادىلەشتىكى يوچۇق شۇ يەردىكى، پەرق دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمى جەھەتتە چەكلىمىسى يوق. بۇنداق دېگەندە ئۇقۇم تازا ئېنىق بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە. ئۇ مۇجمەللىك ۋە ئۇقۇشماسلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. پەرق دېگەن سۆز مەنە جەھەتتە ئايرىملىق دېگەن سۆزگە يېقىن كېلىدۇ. ھەرقانداق پەرقنى تۈگىتىش ئايرىملىقنى تۈگىتىش، يەنى مىللەتنى يوقىتىش دېگەنلىك بولىدۇ. روشەنكى، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى مىللەتلەر ئورتاق راۋاج تاپىدىغان ۋە گۈللىنىدىغان دەۋردۇر. بۇنىڭغا زىت كېلىدىغان ئاتاشنى قوللىنىش مۇۋاپىق ئەمەس.

ئۈچىنچى خىل قاراشتىكىلەر: مەركىزىي ۋەزىپە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت، شۇڭا بۇ باسقۇچتىكى مىللىي مەسىلىنىڭ ماھىيىتى ئىقتىسادىي مەسىلىدۇر دەپ ھېسابلايدۇ. ئىقتىسادىي مەسىلىنىڭ مۇھىملىقىغا سەل قاراش، دەرۋەقە، توغرا ئەمەس. بىزنىڭ بۇ مەسىلىدە ئاچچىق ساۋاقلىرىمىز بار. ھالبۇكى، ئىقتىسادىي مەسىلە — مىللىي مەسىلە ماھىيىتىنىڭ ھەممە مەزمۇنى ئەمەس. ھەممىگە مەلۇمكى، ئاز سانلىق مىللەتلەر زامانىۋىلاشتۇرۇش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىش، ئىلغار پەن - تېخنىكىنى ۋە ياراملىق ئىختىساسلىق كىشىلەر قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈش ھەم ئەقىل بۇلىقىنى



ئىچىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىشنى كۈندىن - كۈنگە جىددىي تەلەپ قىلماقتا. ئاساس بولىدىغان مۇشۇ ئالدىنقى شەرت بولمىسا، يېقىنقى مەزگىلدىكى نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قىيىنغا چۈشىدۇ. ئىقتىسادنى يۇقىرى سۈرئەتتە راۋاجلاندۇرۇش ئىمكانىيىتى بولماي قالىدۇ. شۇڭا كىشىلەر پەن - تېخنىكىنى ۋە ئىختىساسلىق كىشىلەردىن ئىبارەت ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشنى ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش لازىملىقىنى تونۇپ يەتتى.

تۈزىتىلگەن «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش مۇشۇ باسقۇچتىكى مىللىي مەسىلىنىڭ ماھىيىتى ۋە يادروسى، دەپ ھېسابلايدۇ. ئەمەلىيەتتىن قارىغاندا، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى چىڭ تۇتۇپ ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش ھېلىمۇ ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە مۈشكۈل ۋەزىپە. توغرىسىنى ئېيتقاندا، نۇرغۇن جايلاردا «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» تېخى ھەقىقىي، ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلمىدى. نەزەرىيە جەھەتتىن ئالغاندا، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى يولغا قويۇشتا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئالدى بىلەن سىياسىي جەھەتتە، قانۇنىي جەھەتتە باشقا مىللەتلەر بىلەن تەڭمۇتەڭ ھوقۇققا ئېرىشتۈرۈش مەقسەت قىلىنغان. شۇنداق بولغاندا، بۇ، دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدىكى مىللىي مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنىڭ ئۇزارتىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى يولغا قويۇلغان نەچچە ئون يىللىق ئەھۋالدىن قارىغاندا، ھەممىمىز مىللىي باراۋەرلىك دېگەن ئۇقۇمنى ئېتىراپ قىلىمىز. بۈگۈندىكى ئاچقۇچ ھەقىقىي مىللىي باراۋەرلىكنى قانداق قىلىپ پەيدىنپەي ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا. شۇنداق دېيىش كېرەككى، مىللىي خىزمەتنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا تارىختىن قالغان ئەمەلىيەتتىكى تەڭسىزلىكنى تۈگىتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى يەنىمۇ ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۇنىڭ مۇقەررەر يولىدۇر (ياكى ئۇ سىياسىي، قانۇنىي جەھەتتىكى كاپالەتتۇر).

پرولېتارىيات دۆلەت ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىپ، سوتسىيالىزمغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، مىللىي مەسىلىنىڭ مەزمۇنى، ۋەزىپىسى ۋە ماھىيىتى نېمىدىن ئىبارەت بولىدۇ؟ ماركس بىلەن ئېنگېلس بۇ ھەقتە بىر نېمە دېمىگەن. لېنىن مۇنداق دېگەنىدى: «مىللىي مەسىلىدە، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالغان پرولېتارىياتنىڭ سىياسىتى مىللىي باراۋەرلىكنى ھەرگىز بۇرژۇئا دېموكراتىك تۈزۈمىدىكىدەك شەكىل جەھەتتىن جاكارلاپ قويۇش ئەمەس». بەلكى «ئىلگىرى زۇلۇم تارتقان مىللەتلەردىن بولغان ئەمگەكچى ئاممىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى تەڭلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىش بىلەن بىللە، كاپىتالىزم دەۋرىدىن قېپقالغان ئىشەنمەسلىك ۋە ئارازلىقنىڭ بارلىق ئىزلىرىنى تۈگىتىش ۋە ئۇلارنىڭ تىل - يېزىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت» («لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى» 3 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 760 - بەت). لېنىننىڭ مىللىي مەسىلىنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى ئېلىمىز ئەمەلىيىتىگە تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا مىللىي مەسىلە ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، شۇڭا ئېلىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنىڭ ماھىيىتىگە توغرا تەبىر بېرىش، شەرھلەش ۋە ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش — بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز. قىسقىسى، ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئىرادە باغلىغان يولداشلار نۆۋەتتىكى ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئەڭ زور قىزغىنلىق بىلەن ئاتلىنىپ، ئۆگىنىش - پۈتمەس مەنبەدىن ئوزۇق ئېلىپ، يېڭىلىق يارىتىشلىرى لازىم.

## خاتا ئۆزلىشىپ قالغان ئاتىلىشلار

* بېيجىڭ ۋاقتى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ ۋاقتى بولماستىن، بەلكى شەرقىي مېرىدىئان 120 گرادۇسقا جايلاشقان دائىرىنىڭ ۋاقتىنى كۆرسىتىدۇ. رادىئودا سائەت 12 دەپ ئېلان قىلىنغاندا، ئەمەلىيەتتە بېيجىڭ شەھىرىنىڭ ۋاقتى سائەت 11 دىن 45 مىنۇت 36 سېكۇنت ئۆتكەن بولىدۇ.

* ئەرەب رەقەمنىڭ كېلىپ چىقىش ئورنى ئەرەب يېرىم ئارىلى بولماستىن، بەلكى ھىندىستاندۇر. چۈنكى بۇ رەقەم ھىندىستاندىن ئەرەبلەرگە، ئەرەبلەر ئارقىلىق ياۋروپا ئەللىرىگە، ئاندىن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان.

* قېرىنداشنىڭ ئىچىدىكى قارا سىيا قوغۇشۇندىن ياسالغان بولماستىن، بەلكى سۇرمە تاشقا سېغىز توپا قوشۇپ ياسالغان.

* تاشپاختا ئەسلى پاختا بولماستىن، بەلكى تاغدىكى تاش ئىچىدە ئۆسكەن مېتاللويىد. ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى ئوتقا چىداملىق.

* چاقماق تېشى تاش بولماستىن، بەلكى تۆمۈر ۋە سېرىي قېتىشمىلىرىدىن ئىبارەت.

## كىرسوپۇننىڭ تارىخى

كىرسوپۇن ئىنسانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان بۇيۇم. ئۇنى مىلادىيىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن مىسىرلىق بىر يىلقىچى بايقىغان بولۇپ، ھازىرغىچە 4695 يىللىق تارىخقا ئىگە.

بىر كۈنى مىسىر پادىشاھى زىياپەت ئۆتكۈزۈۋاتقاندا، ئاشخانىدىكى يىلقىچى بالا ئېھتىياتسىزلىقتىن، كۆيدۈرۈپ قويۇلغان قوي مېيىنى ئوچاقتىكى كۈلگە تۆكۈۋېتىپتۇ. يىلقىچى پادىشاھنىڭ جازالىشىدىن قورقۇپ، كۈل بولۇپ كەتكەن مايىنى قولى بىلەن ئوچۇملاپ سىرتقا تاشلىۋېتىپتۇ-دە، قايتىپ كىرىپلا قولىنى يۇسا، ئىلگىرى ناھايىتى تەستە چىقىدىغان كىرنىڭ تېز ۋە پاكىزە چىقىپ كەتكەنلىكىنى بايقاپتۇ. مانا بۇ سوپۇننىڭ پەيدا بولۇش تارىخى. (خەمىت تەرجىمىسى)

## چاغان ھەققىدە رىۋايەت

قەدىمكى زاماندا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە «نيەن» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل يىرتقۇچ ھايۋان بولۇپ، ئۇ ھەرقانداق ئەرسىنى يەۋېتىدىكەن، بۇنى كۆرگەن ئاسمان ئىلاھى ئۇنى چوڭقۇر غارغا سولاپ قويىسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەر يىلى 12 - ئاينىڭ ئاخىرى پەيدا بولۇپ، كىشىلەرگە خېيىم - خەتەر يەتكۈزىدىكەن. شۇ چاغلاردا چاغان ئۆتكۈزىدىغان مىللەتلەر بايرامنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈۋالسا، «نيەن»نىڭ ئاپەتكە ئۇچرىمىغانلىقىنى تەبرىكلىشىپ ئۆزئارا «قۇتلۇقلىشىدىكەن». لېكىن، بۇ ھايۋان قىزىل رەڭدىن ۋە ئوت نۇرىدىن قورقىدىكەن. شۇڭلاشقا كىشىلەر يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھازىرقىدەك چاغان بايرىمى كەلگەندە تاڭ ئاتقىچە پانۇس ياندۇرۇپ، پوجاڭزا ئاتىدىغان، قىزىل خەتلىك بېيت يازىدىغان بولغان.

## خەنزۇ يېزىقىنىڭ تەسىرى

خەنزۇ يېزىقى شەرقىي ئاسىيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر قوللانغان يېزىق. چاۋشيەن مىللىتى خەنزۇ يېزىقىنى 1000 يىلدىن كۆپرەك قوللانغان بولۇپ، قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى خەنزۇ يېزىقى بىلەن يېزىلغان. ۋيېتنامنىڭ خەنزۇ يېزىقىنى قوللانغان ۋاقتى چاۋشيەننىڭكىدىنمۇ بالدۇر. چىن، خەن سۇلالىسى زامانىدا، خەنزۇ يېزىقى ۋيېتنامغا تارقالغان. تاكى 19 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىغىچە ئۇلار خەنزۇچە يېزىقنى قوللىنىپ كەلگەن. خەنزۇ يېزىقى ياپونىيىگە تەخمىنەن مىلادى 3 - ئەسىردە تارقالغان. قەدىمكى ياپونىيىلىكلەر تۈزۈنىچە خەنزۇ تىلىنىڭ ئاھاڭى ئارقىلىق جۇڭگونىڭ ئەسەرلىرىنى

ئۇرقۇرغان. خەنزۇ يېزىقى بىلەن ماقالە يازغان. (ئا. ئىسلام تەرجىمىسى)

## نىكاھ ۋە كۆچەت تىكىش

ھىندونېزىيىنىڭ غەربىدىكى شىلىن رايونلۇق يەرلىك ھۆكۈمەت قىز - يىگىتلەر توي قىلغاندا ئىككى تۈپ، ئاجراشقۇچىلار بەش تۈپ، ئىككىنچى قېتىم توي قىلغۇچىلار ئۈچ تۈپ كۆچەت تىكىش كېرەك، دېگەن قارار چىقارغان. بۇنداق بولمىغاندا، نىكاھلىنىش ۋە ئاجرىشىش رەسمىيىتى بېجىرىلمەيدىكەن.

يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئېيتىشىچە: بۇ جاي ھىندونېزىيىدىكى ئېۋۇلىك دەرەخ تېكىلىدىغان مۇھىم رايون بولۇپ، ئېۋۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، يەرلىك ھۆكۈمەت ھەم ئائىلە، ھەم جەمئىيەتكە پايدىلىق بولغان مۇشۇنداق قارار چىقارغان.

## خەنامە ۋە ھونلارنىڭ تىلى

«خەنامە ھون تەزكىرىسى»دە: ھون تىلىدىكى بىرمۇنچە ئاتالغۇلار خەنزۇچە خەت بىلەن يېزىپ قالدۇرۇلغان بولۇپ، بۇ سۆزلۈكلەر زامانىمىزدا ھونلارنى تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىم ماتېرىياللىرىنىڭ بىرى. مەسىلەن: خەنامىدە «ھونلار تۈزلەرنى غوز (胡) دەيتتى». «ئاسمان (پاكى ئىلاھ)نى تەڭرى (撑犁) دەپ ئاتايتتى. ئوغلى دېگەن سۆزنى قوت (孤涂) دەپ ئاتايتتى»... دېيىلگەن. دۇنيادىكى تورغۇن تىلشۇناسلار مۇشۇ ماتېرىياللارغا ئاساسەن، كۆپ قېتىملىق تەتقىقات - مۇلاھىزىلەر ئارقىلىق ھونلارنىڭ تىلى تۈركىي تىل بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاستە ئەجدادلىرى ھونلار ئىدى، دېگەن ئىلمىي يەكۈننى ئوتتۇرىغا قويىدى.

## يېڭى ئېلېمېنتلارنى بايقاش

يېقىندا غەربىي گېرمانىيە ئالىملىرى تېزلىكنى كۈچەيتىش ئەسۋابى ئارقىلىق، سۈنئىي ئۇسۇلدا 107 - ۋە 109 - ئېلېمېنتلارنى ياسىدى. ھازىرغىچە 110 ئېلېمېنت ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئېلېمېنتلار بايقالمىغان بولسىمۇ، يېڭىدىن بايقىلىدىغان ئېلېمېنتلار تۈگىدى، دېيىشكە بولمايدۇ. ئالەمدىكى ماددىلار خىلمۇخىل بولسىمۇ، لېكىن بۇ ماددىلارنى ھاسىل قىلغۇچى ئېلېمېنتلارنىڭ تۈرلىرى 100 گە يەتمەيدۇ. شۇڭا، تەبىئەت دۇنياسىنى ھاسىل قىلغۇچى ئېلېمېنتلار مېندىلېيېف ئېلېمېنتلار دەۋرىي جەدۋىلىدە ئاران 92. ئۇنىڭدىن باشقىلىرى تەجرىبە جەريانىدا سۈنئىي ئۇسۇلدا ئېرىشىلگەن. بىراق ئالىملار بۇ ئىشقا نىسبەتەن قىلچە قانائەت قىلمايدۇ، بەزى جايلاردا دەرىجىدىن تاشقىرى ئېغىر ئېلېمېنتلارنى ئىزلىمەكتە.

## ئارمىيىسىز دۆلەتلەر

ھازىر دۇنيادا ئارمىيىسى يوق دۆلەتتىن ئون نەچچىسى بار. بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان «ئارمىيىسىز دۆلەت» — دۆلەت مۇداپىئەسىنى قوغدايدىغان مۇنتىزىم ئارمىيىسى يوق دۆلەتلەر بولۇپ، ئۇلار پەقەت ئامانلىق ساقلايدىغان ساقچى ياكى بولمىسا تورۇش قىلىش ئىقتىدارى بولمىغان ھۆرمەت قاراۋۇللىرى، مۇھاپىزەتچى ياساۋۇللار ۋە ھەربىي ئۇرۇقچىلارغىلا ئىگە. گەرچە ئۇلاردا ھەربىي ئايروپىلان، زەمبىرەك، تانكا، ھەربىي پاراخوتلار بولمىسىمۇ، لېكىن تاپانچا، مىلتىق، توك كالتىكى، قىلىچ قاتارلىق قوراللار بار. بۇ دۆلەتلەر ياۋروپادىكى ئاندورا بەگلىكى، ۋاتىكان، سان - مارىنو، لىختېنشتېين، موناكو، ئافرىقىدىكى: ماۋرىتىئۇس، گامبىيە، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى: پاناما، كوستارىكا، سېنتە لۇسىيە، ئانتىگۇئا ۋە باربۇدا، سېنت - ۋىنسېنت ۋە گرېنادا قاتارلىقلار. بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 200 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرغا، ئاھالىسى 7 مىليونغىمۇ يەتمەيدۇ.

# مەنىۋى مەدەنىيەت ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى

ۋاڭ تيەنشى، لى خۇڭجيې

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ «مىللەتلەر خىزمىتىدىكى بىر نەچچە مۇھىم مەسىلە توغرىسىدا دوكلات»نى تەستىقلاپ تارقىتىش مۇناسىۋىتى بىلەن چىقارغان ئۇقتۇرۇشىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدۇ: «مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش ۋە كۈچەيتىش — تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ۋە ئىسلاھاتنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشنىڭ كاپالىتى، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى؛ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان، قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت ئورتاق غايە — مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقنى مۇستەھكەملەش ۋە كۈچەيتىشنىڭ ئاساسى.»

مىللىي زىددىيەت ۋە مىللىي كۈرەش ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقنى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بىلەن بىرلەشتۈرۈش — پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز ئىگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرۈش ئاساسىدا بەلگىلىگەن بۈيۈك سىياسەت. بۇ سىياسەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت داۋامىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئىناۋىتىنى ئاشۇرىدۇ ھەم ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا كەڭ تەسىر پەيدا قىلىدۇ.

مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ئەزەلدىن ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ دەرىجىسىگە ماس ھالدا راۋاجلىنىپ كەلدى. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن بولغاچقا، مىللەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت نادانلىق، ۋەھشىيلىك مۇئامىلىسىدىن ئىبارەت بولغان. بىرەر قەبىلىنىڭ ھاياتلىق يولىدىكى كۈرەشتە مەغلۇپ بولۇشى كۆپ ھاللاردا شۇ قەبىلىنىڭ يوقالغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. سىنىپىي جەمئىيەتتە ھەر مىللەت ئەمگەكچىلىرى ئارىسىدا دوستانە ئالاقە بولسىمۇ، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ بۆلگۈنچىلىكى ۋە قۇترىتىشى ئارقىسىدا مىللەتلەر مۇناسىۋىتى كۆپ ھاللاردا دۈشمەنلىشىشتىن ئىبارەت بولاتتى. بىرەر مىللەتنىڭ روناق تېپىشى باشقا ئاجىز مىللەتنىڭ ئازاب - ئوقۇبەت چېكىشى ۋە ھالاك بولۇشىدىن دېرەك بېرەتتى. ھۆكۈمران مىللەت ئىچىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپ ئېزىلگۈچى مىللەتلەرگە تولىمۇ ۋەھشىيلىك بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. 19 - ئەسىردە چار رۇسىيىسى تاتار قەبىلىسىدىكى ئىمۇدلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ چېدىرلىرىنى كۆيدۈرگەن ۋە بالا - چاقىلىرىنى قىرغىن قىلغان. شىمالىي ئامېرىكا مۇستەملىكىچىلىرى ئىندىئانلارغا

## ماركسىزمدىن ئا ب س

ئېخىمۇ يالىڭاچ قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، ئامېرىكىنىڭ شەرقىي قىسمىدا ئولتۇراقلاشقان 200 مىڭدەك ئىندىئانلارنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تۈگەتكەن. ئامېرىكىدا كاپىتالىستىك مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، مىللىي قىرغىنچىلىق ۋە مىللىي ئايرىمىچىلىق سىياسىتى قاتتىق ئەيىبلەشكە ئۇچرىدى. يېقىنقى بىر نەچچە ئون يىلدا ئامېرىكا ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ مىللىي سىياسىتىدە ئاز-تولا ئۆزگىرىش بولدى. ئۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى ۋە ھوقۇقىنى مەلۇم دەرىجىدە ئېتىراپ قىلدى. لېكىن، ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى مەۋجۇتلا بولۇپ تۇرىدىكەن، مىللىي زۇلۇم ۋە مىللىي كەمسىتىشنى ساقلانغىلى بولمايدۇ. مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدىكى ۋەھشىيلىك ئامىللىرىنى تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ئارقىسىدا مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە ۋەھشىيلىكتىن مەدەنىيەتكە ئۆتۈشتەك يېڭى ئەسىر باشلاندى. سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئېكسپلاتاتسىيىنى يوقاتتى. مىللەتلەر ئارىسىدىكى قارىمۇقارشىلىقنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسىنى تۈپتىن يوقاتتى. مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ھەر مىللەت ئەمگەكچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سوتسىيالىستىك يېڭىچە مۇناسىۋەتكە ئايلاندۇردى. ھەر مىللەت خەلقى ماددىي مەدەنىيەت ۋە ئەخلاق جەھەتتە بىرلىككە كەلدى. ئۇلار باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق، ئورتاق گۈللىنىش پرىنسىپى بويىچە ئۆزلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئاڭلىق تەڭشەيدىغان بولدى. مىللەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت گۈزەل، ئىناق، مەدەنىي مۇناسىۋەتكە ئايلاندى. ھازىر جۇڭگودىكى 56 مىللەت مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە بىرلىككە كەلدى ۋە ئىتتىپاقلاشتى. دېمەك، سوتسىيالىزم مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدىكى ۋەھشىيلىك ئامىللىرىنى مۇقەررەر ھالدا يوقىتىدۇ.

مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدىكى ئىناقلىق سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئەمەلگە ئاشىدىغان تارىخىي جەرياندۇر. ئۇ ھەرگىز سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى بىلەن تەبىئىي ھالدا مەيدانغا كېلىدىغان ھالەت ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا كونا جەمئىيەتتىن قالغان داغلار يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ساھەلىرىدە مىللەتلەر ئارا ئىناقسىزلىق يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. مىللىي كەمسىتىش، مىللىي ئايرىمىچىلىق بەزى ئىشلاردا يەنىلا ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ؛ چوڭ مىللەتچىلىك ۋە يەرلىك مىللەتچىلىكمۇ ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، چەت ئەللەردىكى دۈشمەن كۈچلەرمۇ بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ. ئەگەر بىز ماركسىزم-لېنىنىزملىق مىللىي سىياسەتتە چىڭ تۇرۇپ، كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلمىساق، مىللەتلەر ئارىسىدا ئورنىتىلغان ئىتتىپاقلىق ۋەزىيىتى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بولمىسا، ھەقىقىي سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىنغان بولمايدۇ.

مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدىكى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتتە مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى يولغا قويۇش تۈپ تەلەپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، بۇ تۈپ تەلەپنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن توسالغۇلارنى تۈگىتىشكە، ھەر خىل مەنىۋى ۋە ماددىي شارائىتلارنى يارىتىشقا توغرا كېلىدۇ. چوڭ مىللەتچىلىك مىللەتلەرنىڭ باراۋەر بولۇشىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ ھەتتا ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدۇ. جەمئىيىتىمىزدە مۇكەممەل سىستېمىدىكى چوڭ مىللەتچىلىك ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمىنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ تۈگىگەن بولسىمۇ. ئەمما ئۇنىڭ قالدۇقلىرى ۋە تەسىرى ھېلىمۇ ساقلانماقتا. بەزى كىشىلەر ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىي

تەشەببۇسكارلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتىنى يارىتىشقا قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ كۆرمەسكە سالىدۇ. ئۇلارنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇلۇشتىكى ئۇلۇغ كۈچ ئىكەنلىكىنى كۆرمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئاتالمىش ۋەھشىيلىكى، قالاقلىقى، نادانلىقىنى ئىزدەش كويىدىلا بولىدۇ. مۇنداق روھىي ھالەت ۋە قىلمىشلار مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى بىلەن زادىلا سىغىشالمايدۇ، ئۇ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدىكى چوڭ مىللەتچىلىكنىڭ قالدۇقىدىن ئىبارەت. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بەزى كىشىلەر ئىشىكنى تاقىۋېلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن، ئۇلار ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن قورقىدۇ، قالاقلىقنى راۋا كۆرىدۇكى، يېڭىلىققا، ئالغا بېسىشقا قارشى تۇرىدۇ ياكى باشقا مىللەتلەرگە گۇمان بىلەن قارايدۇ ۋە ئۇلارغا ئىشەنمەيدۇ، مۇنداق روھىي ھالەت ۋە قىلمىشلارمۇ مەدەنىيەت بىلەن زادىلا سىغىشالمايدۇ. شۇڭا سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى داۋامىدا ھەم چوڭ مىللەتچىلىكنى، ئاساسلىقى چوڭ خەنزۇچىلىقنى تۈگىتىشكە، ھەم يەرلىك مىللەتچىلىكنى تۈگىتىشكە دىققەت قىلىش لازىم. دەرۋەقە، مۇنداق ئىككى خىل مىللەتچىلىكنى كونكرېت تەھلىل قىلىش زۆرۈر. لېنىن كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك؛ ئادەتتىكى مىللەتچىلىك مەسىلىسىنى ئابستراكت ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇش مۇۋاپىق ئەمەس، چوڭ مىللەتنىڭ مىللەتچىلىكى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مىللەتچىلىكىنى پەرقلەندۈرۈش لازىم. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، يەرلىك مىللەتچىلىك —چوڭ مىللەتچىلىكنىڭ نەتىجىسىدۇر. ماۋزېدۇڭ، جۇئېنلەي، دېڭ شياۋپىڭ قاتارلىق يولداشلار كۆپ قېتىم كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، ئېلىمىزدە ئاساسىي خەۋپ — چوڭ خەنزۇچىلىق، خەنزۇلار چوڭ خەنزۇچىلىق قىلمىسىلا، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا يەرلىك مىللەتچىلىك بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى ئوڭاي ھەل قىلغىلى بولىدۇ. بۇ، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلانغان ھەقىقەت. سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ئاساسىي جەھەتتىن ھەر مىللەت ئەمگەكچىلىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت. شۇڭا، مەسىلە كۆرۈلگەن تەقدىردىمۇ ئۇنى ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، بىر - بىرىنى چۈشىنىش پرىنسىپى ئاساسىدا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا ھەل قىلىش لازىم، خالىغانچە مىللەتچى دەپ قالپاق كىيگۈزگەن، كۈچىگە تايىنىپ باشقىلارنى باسقان بىلەن، نەتىجە مۇقەررەر ھالدا ئارزۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقىدۇ، شۇنداقلا ئۇ مەدەنىيەتسىزلىك ۋە بىلىمسىزلىك بولىدۇ.

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا جۇڭگو مىللەتلىرى بىر - بىرىنى ھۆرمەت قىلىشى، بىر - بىرىگە ئىشىنىشى، بولۇپمۇ چوڭ، ئىلغار مىللەتلەر كىچىك، ئارقىدا قالغان مىللەتلەرگە ھۆرمەت قىلىشى لازىم. قەدىمدىن تارتىپ بەزى ئىرادىلىك، ۋىجدانلىق كىشىلەر ئېزىلگەن، ھاقارەتلەنگەن مىللەتلەرگە چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىپ كەلگەن. بۇ، ئالىيجاناب ھېسسىيات. ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ مىللەت قارىشى مۇنداق ھېسسىياتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ماركسىزم - لېنىنىزم مىللەتلەرنىڭ بىر - بىرىگە ئىشىنىشى ۋە ھۆرمەت قىلىشى، بولۇپمۇ چوڭ مىللەتلەرنىڭ كىچىك مىللەتلەرگە ئىشىنىشى ۋە ئۇلارنى ھۆرمەت قىلىشقا تېخىمۇ ئېتىبار بىلەن قارايدۇ. بۇنداق قاراش تارىخىي قانۇنىيەتنى چوڭقۇر چۈشىنىشتىن، يەنى ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ھەممە مىللەتنىڭ تارىخ تەرەققىياتىغا ئۆزگىچە تۆھپە قوشقانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشتىن كەلگەن. شۇڭا ھەممە مىللەت ئوخشاشلا مۇھىم، ئۇلار تامامەن باراۋەر بولىدۇ. مۇنداق ئىشىنىش ۋە ھۆرمەت بىر تەرەپتىن،

ھەر بىر مىللەتنىڭ ۋەتىنىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىلىرىنى ھۆرمەت قىلىشنى، يەنە بىر تەرەپتىن، ھەر بىر مىللەتنىڭ يوشۇرۇن ئۇلۇغ ئىجادىي كۈچىگە ھۆرمەت قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەممە مىللەت (بىر ياكى نەچچە مىللەت ئەمەس)نىڭ ئىجادچانلىقى تولۇق جارى قىلدۇرۇلغاندا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئاندىن ھەقىقىي مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشى مۇمكىن. شۇڭا، بىز شۇنداق ئېيتالايمىزكى، كەمسىتىش ۋە چەتكە قېقىشنى چۆرۈپ تاشلاپ، مىللەتلەر ئارا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئىشىنىش كەيپىياتىنى تۇرغۇزۇش — ئېلىمىزدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ كۈندىن - كۈنگە مەدەنىيەتلىك بولۇشقا قاراپ يۈزلىنىشىنىڭ مۇھىم ئالامىتى بولىدۇ.

ئېلىمىزدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ كۈندىن - كۈنگە مەدەنىيەتلىك بولۇشقا قاراپ يۈزلىنىشىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالامىتى — جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىر ئۇلۇغ ئورتاق غايىگە ئىگە بولغانلىقىدا. ئېلىمىز تارىخىدا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ھەمكارلىشىپ دۆلەت قۇرۇش تارىخىي مىلادىيىدىن نۇرغۇن ئەسىر ئىلگىرىلا باشلانغان. ئۇلار بۆلۈنۈش، قايتا بىرلىشىش، ھالاك بولۇش، قايتا گۈللىنىشتىن ئىبارەت بىر نەچچە مىڭ يىللىق تارىخنى باشتىن كەچۈرگەن. بۇ، دۇنيانىڭ سىياسىي تارىخىدىكى بىر مۆجىزىدۇر. بۇ ھال جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ مىللىي ھەمكارلىق روھىنى تولۇق نامايەن قىلىپ بېرىدۇ. مۇنداق ئۇيۇشقانلىق 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان، قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت ئورتاق غايە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. بۇ ئورتاق غايە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك زىچ ئالاقە ئاساسىدا ھەم چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئىنقىلاب ئارقىلىق يېڭىچە مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ئاساسىدا دۆلەت قۇرۇشتا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ؛ بىر نەچچە ئون يىل سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ھەم ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاپالىق ئىزدىنىشى ئارقىسىدا، زامانىۋىلاشقان، قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇشقا قاراپ ئىلگىرىلەش ئۈچۈن ماددىي ئاساس، مەدەنىيەت ئاساسى يارىتىلغان چاغدىلا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ؛ مۇنداق ئورتاق غايىنى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىدەك مۇشۇنداق چوڭقۇر چۈشەندۈرگەن، تارىخ تەرەققىياتىنى ئىگىلەشكە ماھىر بولغان ئۇلۇغ پارتىيىلا ئوتتۇرىغا قويالايدۇ. بۇ ئورتاق غايە ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ بايرىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ بايرىقى، شۇنداقلا ئۇلۇغ مەنىۋى كۈچ. شۇڭا بىز بۈگۈنكى كۈندە ئورتاق غايە بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشىمىز لازىم. جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدىكى كۈرەشتە سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت مىسلى كۆرۈلمىگەن يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلىدۇ.

مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش ۋە كۈچەيتىش. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇش. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە ئائىت قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق كۈچەيتىش. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشتەك ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلىش. ئۇلارنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈشكە ھەقىقىي تۈردە ياردەم بېرىش — ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشنىڭ مۇھىم كاپالىتى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت ئورتاق غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم سىياسىي ئاساسى.

# سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتەيلى

جي داگۋاڭ

سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيىگە ئاساسلانغاندا، ئېلىمىزنىڭ هازىرقى باسقۇچتىكى ئەڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى شۇكى، بىرىنچى، ئېلىمىزدە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئاللىقاچان ئورنىتىلدى؛ ئىككىنچى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىي تاپمىغان، ئىقتىساد، مەدەنىيەت بىر قەدەر ئارقىدا قالغان. شۇڭا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئېلىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسىي زىددىيەتنى مەنتىقىلىق شەرھلەپ، ئېلىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسىي زىددىيەت — خەلقنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئېھتىياجى بىلەن قالاق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، دېگەن ئۇقۇمنى ئەزەرنى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە قايتا ئوتتۇرىغا قويدى، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى تېز ۋاقىتدا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يۆتكەپ، پۈتۈن كۈچىنى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا مەركەزلەشتۈردى.

ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىنتايىن مۇرەككەپ شارائىتتا سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە قەدەم تاشلىغان بولغاچقا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچى سەۋىيىسى خەنزۇ رايونلىرىنىڭكىدىن بەك تۆۋەن. ئىسلاھات ۋە سوتسىيالىستىك ئىسلاھات ۋەزىپىسى ئورۇندىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئېلىمىزدە سىنىپىي زۇلۇم ۋە مىللىي زۇلۇم يوقىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى يەنىلا بىر قەدەر قالاق بولغاچقا، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا دېگەندەك تولۇق نامايەن بولمىدى. شۇڭا ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى قانداق تېزلىتىش مەسىلىسى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ۋە مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان تۈپ ۋەزىپە بولۇپ قالدى.

ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا، سىنىپىي زۇلۇم ۋە مىللىي زۇلۇم يوقىتىلغاندىن كېيىن، ئېلىمىزدىكى هەر مىللەت خەلقى سوتسىيالىستىك ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكى ئاساسىدا باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق، ئۆزئارا ياردەملىشىشتەك سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ئورناتتى. سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاش، مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئەڭ تۈپ يولى — ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاۋار ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈشكە، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت. چۈنكى ئىقتىسادىي شارائىت — سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ماددىي ئاساسى ۋە ئالدىنقى شەرتىدۇر. مىللەتلەر



مۇناسىۋىتى مەسىلىسى — مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ھادىسە، لېكىن، ئېگىز - پەسلىكتىن ئېيتقاندا، ئۇ ماددىي مۇناسىۋەت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ماركس: كىشىلەر ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنى مۇئەييەن، مۇقەررەر ھەم ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسىگە بېقىنمايدىغان مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. يەنى ئۆزلىرىنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنىڭ مۇئەييەن تەرەققىيات باسقۇچىغا ماس كېلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىدە بولىدۇ، دەپ كۆرسەتكەن. ئۇ يەنە: ھەر بىر تارىخىي دەۋردىكى ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ھەم مۇشۇنىڭدىن مۇقەررەر ھالدا پەيدا بولىدىغان ئىجتىمائىي قۇرۇلما شۇ دەۋر سىياسىسىنىڭ ۋە روھىنىڭ تارىخىي ئاساسى بولىدۇ، دېگەنىدى. ئوخشاش بولمىغان دەۋر ۋە ئوخشاش بولمىغان تارىخىي شارائىتتا، ئىجتىمائىي ماددىي مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ مەزمۇنى ۋە خاراكتېرىمۇ خىلمۇ خىل پەرقلىنىدۇ. خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە سىنىپىي قارىمۇقارشىلىق مەۋجۇت شارائىتتا، مىللەتلەر ئارا ئىقتىسادىي ئالاقە كۆپ ھاللاردا مىللىي ئوقۇنۇش ۋە مىللىي زۇلۇم ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. سوتسىيالىزم دەۋرىدە ئىلگىرىكى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا مىللىي قارىمۇقارشىلىق ۋە ئېزىش يوقالدى. ھەرقايسى مىللەتلەر ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ئومۇمنىڭ ئىختىيارىدا بولغان ئەھۋالدا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىدە تۈپ ئۆزگىرىش بولدى، ھەر مىللەت خەلقى سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈم ئاساسىدا يېڭىچە مۇناسىۋەت ئورناتتى. ماركس بىلەن ئېنگېلس: كوممۇنىزم قۇرۇلۇش ماھىيەتتە، ئىقتىسادىي خاراكتېرگە ئىگە، دەپ كۆرسەتكەنىدى. سوتسىيالىزم كوممۇنىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ماھىيىتىمۇ ئىقتىسادىي خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن. بۇ ھالدا مىللەتلەر مۇناسىۋىتىمۇ ئوخشاشلا ئىقتىسادىي خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ. لېنىن: مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، مىللىي زۇلۇمنى تۈگىتىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى — ھەممىدىن ئاۋۋال سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي بازىسقا ئىگە بولۇش، دېگەنىدى. دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتى دەل سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي بازىس ئاساسىغا ئورنىتىلغان. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئورتاق مەنپەئەت بولمىسا، باراۋەرلىك ئاساسىدىكى ماددىي مەنپەئەت مۇناسىۋىتى بولمىسا، سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. شۇڭا، سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئىقتىسادتىن ئىبارەت مۇشۇ ھەل قىلغۇچ ئامىلدىن زادىلا ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن، ھەرقايسى مىللەتلەر سىياسىي، قانۇن جەھەتلەردە باراۋەرلىككە ئېرىشتى. لېكىن، مۇنداق باراۋەرلىك مىللىي مەسىلىنى تولۇق ھەل قىلالمىدى. ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى قالاقلىق تۈپەيلىدىن، سىياسىي، قانۇن جەھەتلەردە ئاللىقاچان باراۋەرلىككە ئېرىشكەن مىللەتلەر ھەر خىل ھوقۇقلىرىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇشقا يەنىلا ئامالسىز قالدى. مەسىلەن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى ئالساق، يولداش جۇ ئېنلەي ئېيتقاندەك، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە «مىللىي ئاپتونومىيە بىلەن تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ توغرا بىرلەشتۈرۈلۈشى، ئىقتىسادىي ئامىل بىلەن سىياسىي ئامىلنىڭ توغرا بىرلەشتۈرۈلۈشى» دۇر. ئىقتىسادىي ئامىل بىلەن سىياسىي ئامىلنى بىرلەشتۈرۈش جەھەتتە، «سىياسىي ئامىل» جەھەتتىن ئېيتقاندا، نۇرغۇن مىللىي سىياسەتلەر قانۇن شەكلى بىلەن مۇقىملاشتۇرۇلدى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇندا ئىشەنچلىك

كاپالەتكە ئىگە قىلىندى؛ لېكىن، «ئىقتىسادىي ئامىل» جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى تۆۋەن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەمەلىيەتتە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقى ۋە ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ كېتەلمىدى، زۆرۈر ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچ يېتەرسىز بولغانلىقتىن، ھوقۇقنى يۈرگۈزۈش جەھەتتىكى ئەمەلىي ئىقتىدارىمۇ دېگەندەك تولۇق بولمىدى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچى قالاق بولغانلىقى ئۈچۈن، سىياسىي، قانۇن جەھەتلەردە باراۋەرلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە تەسىر يەتتى، دېمەك ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرسىزلىك شەكىللەندى. بولۇپمۇ يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ تەرەققىي تاپقان خەنزۇ رايونلىرى بىلەن بولغان ئىقتىسادىي جەھەتتىكى پەرقى بارغانسېرى چوڭىيىپ كېتىۋاتىدۇ. مۇنداق ھالەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي باراۋەرلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىگىلا تەسىر يەتكۈزۈپ قالماستىن، سوتسىيالىستىك ئاكتىپلىقنى جارى قىلدۇرۇشقىمۇ تەسىر يەتكۈزمەكتە. شۇڭا، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچى سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش ۋە ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش ئاساسىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىمكى، ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتىن چەتنەپ، قانۇن، سىياسىي جەھەتتىكى باراۋەرلىك مۇناسىۋىتىنىلا تەكىتلەپ قويۇشقا بولمايدۇ. بۇ مەسىلىگە نىسبەتەن تونۇشىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

## ۋىجدان ۋە ئەخلاق

ۋىجدان — كىشىلەرنىڭ باشقىلارغا جەمئىيەتكە مەجبۇرىيەت ئۆتەش جەريانىدا شەكىللەنگەن ئەخلاقىي ئاڭدۇر. شۇنداقلا كىشىلەر قەلبىنىڭ تەكتىگە يوشۇرۇنغان بىر خىل ئەخلاقىي مەسئۇلىيەت-چانلىقتۇر. بىر ئادەم ئۆزى قىلغان ئىشىدىن مەمنۇن بولۇپ كۆڭلى ئارام تېپىشى، ياكى بىئارام بولۇپ پۇشايمان قىلىشى، ئۆزىنى ئەيىبلىشىمۇ مۇمكىن. بۇ خىل مۇئەييەن ئەخلاقىي مىزان ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى ئۆلچىگەندە پاكى باھالىغاندا پەيدا بولغان مەنىۋى ھېسسىيات — ماركسىزملىق ئەخلاق ئىلمىدە سۆزلىنىدىغان ۋىجدان ھېسابلىنىدۇ. ۋىجدان كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ئەخلاقىي جەھەتتىن باھالىغاندا مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇنداقلا ئۇ كىشىلەر ھەرىكەت قىلىشتىن بۇرۇن مۇئەييەن ئەخلاقىي پرىنسىپلارغا ھۆرمەت قىلىشقا، بەلگىلىك ئەخلاقىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىپ، ئەخلاققا مۇناسىپ پەزىلەتلىك ئىشلارنى قىلىشقا تۈرتكە ۋە ئىلھام بولىدۇ. كىشىلەر ئەخلاققا مۇخالىپ ئىشلارنى قىلغاندا، ۋىجداندىن ئىبارەت مەنىۋى يوشۇرۇن كۈچ بۇ خىل قىلمىشنى ئەيىبلىشى، نومۇس قىلدۇرۇشى، بىئارام قىلىشى، شۇنىڭ بىلەن بۇ خىل ھەرىكەتنى چەكلىشى ياكى ئۆزگەرتىشى مۇمكىن.

ۋىجدان ئەخلاقنىڭ قاراۋۇلى. بىز ئېيتىۋاتقان ۋىجدان كىشىلەر ۋۇجۇدىدا يېتىشتۈرۈلگەن ئىجتىمائىي ئەخلاقىي ھېسسىيات بولۇپ، ئۇ گوياكى ھەرىكىتىمىزنىڭ قەلبىدە تۇرىدىغان سادىق قاراۋۇلدۇر. ئۇ، ھەمىشە سەمىمىيلىك بىلەن پوستا تۇرىدۇ. بىزنى ئورتاق رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەخلاقىي پرىنسىپلاردىن چەتنىگەندە چەكلەيدۇ، ياكى ۋاقتىدا تۈزىتىدۇ.

# پېشقەدەم جەڭچىنىڭ قەلب ئىزھارى

خۇدابەردى ئابدۇللا

جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ سىلىڭيۈەنى دۇەن چاڭجىننىڭ ئارمىيىنى تۈزەش ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىغە ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش روھى مەندە ئۇنى زىيارەت قىلىش ئىستىكى قوزغىدى.

دۇەن چاڭجىن ئۇرۇش يىللىرىدا ئارمىيىگە كىرگەن پېشقەدەم جەڭچى. ئۇ 1949 - يىلى شىنجاڭغا كەلگەن، 1983 - يىلغىچە جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىشلەپ، كېيىن شەرقىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا يۆتكەلگەن. ئالدىنقى يىلنىڭ ئاخىرىدا يەنە جەنۇبىي شىنجاڭغا قايتىپ كەلدى. ئۇ بىرىنچى كۈنى ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ، ئەتىسى خىزمەتكە چۈشۈپ كەتتى. يېرىم يىل ئىچىدە 3400 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى چېگرا مۇداپىئە لىنىيىسىنى ئايلىنىپ، قاراۋۇلخانىلارنىڭ تۇرغۇن ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ بەردى، ئاز سانلىق مىللەت جەڭچىلىرى بار قاراۋۇلخانىلاردا قازاننى ئايرىم قىلىپ بەردى... 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا، دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى يەتتە داۋاندىن ماشىنا بىلەن ئۆتۈپ، ئالىي ئېگىزلىككە بېرىپ، كادىر - جەڭچىلەرنى يوقلىدى؛ چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ ئۇرۇش تەييارلىقى خىزمىتىنى، ھەربىي مەشىق ۋە ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ ھەربىي رايونغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھەر بىر چېگرا مۇداپىئە ليەندۈيىگە سىن ئالغۇ لېنتىسىنى كۆپەيتىپ بېرىشنى. قاراۋۇلخانىلاردا سۇنئىي ھەمراھدىن خەۋەر قوبۇل قىلىدىغان كىچىك تىپتىكى ئۈسكۈنىلەرنى ئورنىتىشقا ياردەم بېرىشنى... (continued)

قىلىدىغان كىچىك تىپتىكى ئۈسكۈنىلەرنى ئۈزلۈكسىز بۆلۈم ئورنىتىپ، چېگرا مۇداپىئە جەڭچىلىرىنى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى بىۋاسىتە كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى قارار قىلدى...

دۇەن سىلىڭيۈەن پات - پات ليەندۈيلەرگە بېرىپ، قىسىم قۇرۇلۇشىدا ساقلانغان تۈرلۈك ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلغاندىن سىرت، قىسىملار تۇرۇشلۇق جايلارغىمۇ پات - پات بېرىپ، قىسىمنىڭ يەرلىك ئورۇنلاردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بەردى. ئۇ يېرىم يىلدىن بۇيان، قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇنىڭ تۇرغۇن ناھىيىلىرىگە بېرىپ، يەرلىك پارتكوملار ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە خىزمەتلەرنى دوكلات قىلىپ، ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئېلىپ، قىسىملار ۋە چېگرا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىغا دائىر ياردىمىنى قولغا كەلتۈردى.

1987 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، يېڭى خىزمەت ئورنىغا كەلگىنىگە ئون نەچچە كۈن بولغان دۇەن سىلىڭيۈەن قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسى يۇقىرىقى قىپچىچى كەنتىگە بېرىپ، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى يوقلىدى. ئۇ بۇ



كەنتتىكى دېھقانلارنىڭ ئەتىگىنى كۆپكە لاي سۇ توشۇشقا ئۇرۇپ قويۇپ، كەچتە سۈزۈلدۈرۈپ ئىچىدىغانلىقىنى بىلىپ، بەكمۇ بىئارام بولدى. شۇنىڭ بىلەن راسخوت قىلىش بولۇۋاتقان ئەھۋالدىمۇ 15 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، بۇ كەنتنىڭ ئىچىدىغان سۇ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بەردى. ھازىر بۇ كەنتتىكى 1800 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر دېھقان سۈپسۈزۈك، پاكىزە تۇرۇبا سۈيى ئىچىدىغان بولدى. دۈەن سىلىگيۈەن جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ ساغلاملىقىنى ئۈستۈرۈشنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەربىي رايونغا قاراشلىق بارلىق دوختۇرخانىلار، سانىتارلار ئەترىتىدىن يېزىلارغا ساقلىقنى ساقلاش خادىملىرىنى تەربىيلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار ھازىرغا قەدەر يېزىلارغا 3200 دىن كۆپرەك ساقلىقنى ساقلاش خادىمى تەربىيلەپ بەردى. دۈەن سىلىگيۈەن بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دېدى:

— بۇ تېخى ئازلىق قىلىدۇ. كەم دېگەندىمۇ 7000 كىشىنى تەربىيلىسەك، ھەر بىر كەنتتە بىردىن ساقلىقنى ساقلاش خادىمى بولۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

دۈەن سىلىگيۈەن جەنۇبىي شىنجاڭنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىگە، يېزا - بازار كارخانىلىرىغا، مائارىپ ۋە ئىختىساس ئىگىلىرى بايلىقىنى ئېچىشقىمۇ كۆڭۈل بۆلدى...

پارتىيىمىزنىڭ ئاخىرىدا دۈەن سىلىگيۈەن مۇنداق دېدى: ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش — ئارمىنىمىزنىڭ مەقسىتى. لېكىن بۇ گەپنى ئېغىزدىلا دەپ قويغان بىلەن بولمايدۇ. خەلققە كۆپرەك كونكرېت ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش كېرەك. جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتكومى ئالدىنقى يىلى قىسىم ۋە يەرلىككە 16 ئىش قىلىپ بېرىشنى قارار قىلدى. ھازىر بۇنىڭ بەتتىسى ئىشلىنىپ بولدى.

بۇ سۆزدىن بىر پېشقەدەم كومپارتىيە ئەزاسى، پېشقەدەم جەڭچىنىڭ چېگرا رايونى چەكسىز قىزغىن سۆيۈش، ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنى قىزغىن سۆيۈش روھىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

## ھاراق پايدىلىقمۇ، زىيانلىقمۇ؟

ھەممىگە ئايانكى، ھاراقنىڭ ئاساسىي تەركىبى ئىسپىرت بولۇپ، ئۇ شېكەر بىلەن دانلىق زىرائەتلەرنى ئېچىتىش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. ئىسپىرتنىڭ ئاز - كۆپلۈكى — ھاراقنىڭ كۈچلۈك ياكى كۈچسىز ئىكەنلىكىنى بەلگىلەيدۇ. ھاراقنى ئىچكەن ھامان ئىسپىرت بەدەنگە تېز تارقىلىدۇ-دە، دەرھال مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىسپىرت مىقدارى ھەددىدىن ئارتۇق ھاراقلارنى ئىچىش ئادەم بەدىنىنىڭ ھەرقايسى فۇنكسىيىسى (خىزمەت ئىقتىدارى)نى بۇزىدۇ. ھاراقتا ھېچقانداق ۋىتامىن يوق ھەم مىنېرال ياكى ئامىنو كىسلاتاسى يوق. ئادەم بەدىنىنىڭ ھەرقايسى ئەزالىرى ئەگەر ئىسپىرتلىق ھاراقلارنىڭ تەسىرىگە ئۇزلۇكسىز ئۇچراۋەرسە، ئاشقازان ياللۇغى، ئاشقازان ئاستى بېزى ياللۇغى، جىگەر كېسىلى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كېسەللەرگە ئاسانلا گىرىپتار بولىدۇ.

ئادەم بەدىنى ھەر سائەتتە تەخمىنەن 10 گىرام ئىسپىرتنى تەبىئىي ھەزىم قىلالايدۇ. شۇڭا، ھاراقنى مۇۋاپىق ئىچىش كېرەك. لېكىن ھامىلدار ئاياللار ۋە ھەر خىل كېسەلى بار كىشىلەر دورا ئىچىشنىڭ ئالدى - كەينىدە خالىغانچە ھاراق ئىچمەسلىكى كېرەك.

مۇۋاپىق نىسبەتتە ئىستېمال قىلىنغان ھاراقنىڭ نېرۋىنى تورمۇزلاش رولى بولغانلىقتىن، كىشىنى خۇشخۇي قىلىپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆلگىرى سۈرگىلى، جىددىي كەيپىياتنى ۋە قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىپ، يۈرەك سوقۇشىنىڭ ھەددىدىن زىيادە تېز بولۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ ھەمدە بەدەندىكى ھەر خىل خىمىيىۋى تەركىبلەرنى تەڭپۇڭلاشتۇرالايدۇ. شۇڭا، ھاراقنى مۇۋاپىق ئىچسە قان ئايلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئادەمنىڭ كەيپىياتنى جانلاندۇرىدۇ.

# مىللىي خىزمەت تارماقلىرى ئىقتىسادىي خىزمەتكە قانداق قاتنىشىشى كېرەك؟

يولداش مۇھەررىر:

ھازىر مىللىي خىزمەت تارماقلىرىدىن ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك ئاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، خىزمەت نۇقتىسىنى ھەقىقىي تۈردە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش ئىزىغا چۈشۈرۈش تەلەپ قىلىنماقتا. بىراق بىزنىڭ بەزى كادىرلىرىمىز ئارىسىدا «ئىقتىسادىي خىزمەتلەرنى ئىشلەيدىغان شۇنچىۋالا كۆپ تارماقلار بار تۇرسا، مىللىي خىزمەت تارماقلىرى ئىقتىسادىي خىزمەت ئىشلەپ نېمە قىلىدۇ» دەيدىغان قاراشلار بار. دېمىسىمۇ مىللىي خىزمەت ھەم فۇنكسىيىلىك تارماق، ھەم ئۇنىۋېرسال باشقۇرۇش تارمىقى. شۇنداق ئىكەن، مىللىي خىزمەت تارماقلىرى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا قانداق قاتنىشىشى كېرەك؟

يۈننەن ئۆلكىسى ۋىنشەن جۇاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدىن: رو پۇ

يولداش رو پۇ:

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى بىلەن ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسىنىڭ تەلىپىدىمۇ تۈپ ئۆزگىرىش بولدى. مىللەتلەرنىڭ تۈپ مەنپەئىتى بىردەك بولۇش، ئىشانى بىردەك بولۇش ئاساسىدا، دۆلەت بىلەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونوم جايلار ئوتتۇرىسىدا، ئادەتتىكى رايونلار بىلەن مىللىي رايونلار ئوتتۇرىسىدا، مىللەت بىلەن مىللەت ئوتتۇرىسىدا، ھەتتا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا ماددىي مەنپەئەت زىددىيىتى ھەممە ماجىرا ۋە سۈركىلىشلەرنىڭ ئاساسىي مەنبەسى بولۇپ قالدى. مۇنداق ئەھۋالدا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشتىن ئىبارەت كۈچلۈك تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، كۆچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاساسىي زىددىيەتنى تۇتمىساق، دۆلەتنىڭ پۈتكۈل مەركىزىي خىزمىتىدىن چەتنەپ كېتىپلا قالماي، بەلكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسىدىنمۇ ئايرىلىپ قالىمىز. ئېلىمىزدە ھازىرقى مىللىي زىددىيەتنى ھەل قىلىشتا ياكى مىللەتلەر ئارا ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، مىللىي مەسىلىنى ئاخىرقى ھېسابتا ھەل قىلىشتا يەنىلا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ھەممە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئاساس قىلىشىمىز لازىم.

كونكرېتنى ئېيتقاندا، مىللىي خىزمەت تارماقلىرى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تۇتۇشتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئەھۋالنى ۋە سىياسەتنى ئىگىلىشى، يېتەكچىلىك قىلىشى، فۇنكسىيىلىك تارماقلارغا ماسلىشىشى، ھەمكارلىشىشى لازىم، ئۇندىن باشقا، مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، ئۆز جايىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئەھۋالنى ئەينەن ئىنكاس قىلىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، سىياسەت جەھەتتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۆز جايىدىكى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا دائىر سىياسەت، تەدبىرلەرنى تۈزۈشكە ھەمكارلىشىشى كېرەك. ئىقتىسادىي



خىزمەت — ئۇنىۋېرسال خىزمەت، مىللىي خىزمەت تارماقلىرى ھەر تەرەپلىمە ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىشى لازىم، مۇشۇنداق

قىلغاندىلا، كۆپ تەرەپلىمە ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. مىللىي خىزمەت تارماقلىرى ھەرقايسى تارماقلارنىڭ يېزا - بازار، كەنت كارخانىلىرىنى ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنى راۋاجلاندۇرۇشقا پائال ماسلىشىشى، كەسىپىي تارماقلارغا ماسلىشىپ، كارخانىلارنى سىستېمىلاشقان مۇلازىمەت بىلەن تەمىن ئېتىشى كېرەك. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تۇتۇشتا ئامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى مۇھىم تۇتقا قىلىش لازىم. مىللىي رايونلاردا نامراتلىق دائىرىسى بىر قەدەر چوڭ. مىللىي خىزمەت تارماقلىرى ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ نامراتلارنى ھۆددىگە ئېلىش چارىسىنى قوللىنىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسىنىڭ نامراتلىقتىن تېزرەك قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلغانلارنى تەكشۈرۈپ ئۈتكۈزۈۋېلىش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىشى لازىم.

مىللىي خىزمەت تارماقلىرىدىكى يولداشلار مېڭىسىنى، ئېغىزىنى، پۇتىنى، قولىنى ئىشقا سېلىشتىن ئايانماسلىقى، ھەر خىل يوللار ئارقىلىق توغرا لىنىيىلىك ئالاقىنى قانات يايدۇرۇشى كېرەك. مىللىي سودىنى راۋاجلاندۇرۇشقا، ئىشلەپچىقىرىش - تەمىنلەش - سېتىش سىستېمىسىنى قۇرۇشقا ياردەم بېرىش كېرەك. شۇنىڭدەك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان قۇرۇلۇش. تېخنىكا خادىملىرى بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىن ئىختىساسلىق پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈشى كېرەك. مىللىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتا مەيدانغا كەلگەن تىپلارنى تەشۋىق قىلىپ ۋە تەقدىرلەپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى كونا قاراشلارنى ئۆزگەرتىپ، تاۋار ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولۇشى لازىم.

قىسقىسى، مىللىي خىزمەت تارماقلىرى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا قاتنىشىشتا، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىشى، يېتەكچى ئىدىيىسىنى توغرىلىشى، مىللىي ئىشلارنىلا بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۈزلىنىپ، جان - دىل بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرگە خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇپ، ئىقتىسادىي خىزمەت ئىشلەشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك.

— ژۇرنىلىمىز تەتقىقات بۆلۈمى

### نادانلىقنى ئېتىراپ قىلىش — دانىشمەنلىكتۇر

قەدىمكى يۇنانىنىڭ ئىدىيالىستىك پەيلاسوپى سوقراتنىڭ «بىلىم - گۈزەل ئەخلاقتۇر، نادانلىق گۇناھدۇر» دېگەن بىر ئۇلۇغ سۆزى بار. ئۇ ھەممىدىن بۇرۇن بىلىم بىلەن ھەرىكەتنى، ئەخلاق بىلەن بىلىمنى بىرلەشتۈرگەن پەيلاسوپ. گەرچە ئۇ تەشەببۇس قىلغان ئەدەب - ئەخلاق قوللىرىدا سىنىپىنىڭ قائىدىسى بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ بىلىمنىڭ جۇغلىنىشى بىلەن ئەخلاقىي پەزىلەتنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئىچكى باغلىنىشنى تونۇپ يېتىپ، كىشىلەردىن بىلىم ئېلىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئەخلاق - پەزىلەتلىرىنى ياخشىلاشنى تەلەپ قىلغان.

ئۇ مەيلى ياشقىلار بىلەن بولغان ھەم سۆھبەتتە ياكى پەرزەنتلىرىگە پەندى — نەسىھەت قىلغاندا بولسۇن، ئۇنىڭ ھەممىسىدە ئىشنىڭ يولىنى كىشىلەرگە ئۆگەتكەن ئەمەس، بەلكى كىشىلەرگە زېرىكمەستىن تەكرار سوئال قويۇپ، قارشى تەرەپتىن خاتا جاۋاب ئالغىنىدا، ئۇنىڭ بىلىمسىزلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا قىستاپ، ئاندىن قارشى تەرەپنىڭ خاتالىقىنى تۈزىتىش داۋامىدا ھەقىقەتنى بىلىۋېلىشقا يېتەكلىگەن. ئۇ ئۆزىنى باشقىلارغا سېلىشتۇرغاندا، ئۆزىنىڭ بىر قەدەر پاراسەتلىك كىشى ئىكەنلىكىنىڭ ئاساسەن ئۆزىنى ناھايىتى بىلىملىك دەپ سانايدىغان بۇ خىل خىيالى سېزىمىنىڭ ئۆزىدە بولمىغانلىقىدا، دەپ قارىغان.

# شىئە مەزھىپىنىڭ قىسقىچە تارىخى

مۇ شياڭيۈن (خۇيزۇ)

شىئە مەزھىپى مىلادى 7 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىدا، يەنى ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۈچىنچى خەلىپىسى ئوسمان ئەختكە ئولتۇرغان ۋاقىتتا بارلىققا كەلگەن. ئەينى ۋاقىتتا، ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەر ئارىسىدا خەلىپىلىككە ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسىدە زىددىيەت پەيدا بولغان. ئوسماننىڭ سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلۈشى بۇ زىددىيەتنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋەتكەن. ۋارىسلىق قىلىشنى قوۋۋەتلەيدىغان شىئە مەزھىپى مۇھەممەت پەيغەمبەر جەمەتىدىن بولغان ئەلى بىن ئەبۇتالىپ خەلىپە بولۇشى لازىم، دەپ قارىغان. شۇڭا، كېيىنكىلەر شىئە مەزھىپىنى ئەلى مەزھىپى، دەپمۇ ئاتىغان. شۇ چاغدا، شىئە مەزھىپىنىڭ سىستېمىلىق دىنىي ئەقىدىسى ۋە دەستۇرى تېخى شەكىللەنمىگەن، تەشكىلىمۇ چېچىلاڭغۇ بولغان. بىراق، ئۇنىڭ دىنىي مەزھەپكە ئايلىنىشى ئاساسەن ئابباسىلار سۇلالىسىنىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە ھاكىمىيەت تۇتۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان.

ئابباسىلارنىڭ ئەجدادى ئابباس بىن ئابدۇللا مۇتەللىپ مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ تاغىسى ئىدى، ئەلى بولسا مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ كۈيئوغلى ئىدى. نەسىل - نەسەبتىن قارىغاندا، ئابباسنىڭ پەيغەمبەر جەمەتى بىلەن بولغان قانداشلىقى ئەلىنىڭكىدىن تېخىمۇ ساپراق ئىدى. لېكىن ئابباسىلار ئىسلام دىنىي بارلىققا كەلگەن دەسلەپكى مەزگىل-لەردە ھەربىي ئىشلار ۋە دىنىي پائالىيەتلەرگە ئانچە تەسىر كۆرسىتەلمىگەچكە، ئەلى مەزھىپى ئۈچۈن ھېچقانداق ئەھدىت ھېسابلانمايتتى. ئۇلار ئۇمەييە سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، «ھوقۇق پەيغەمبەر جەمەتىگە قايتۇرۇپ بېرىلسۇن» دېگەن شوئار ئاستىدا بىرلىشىپ كەتكەن.

ئابباسىلاردىن ئابدۇللا ئابباس (پەيغەمبەرنىڭ بىر نەۋرە ئۇكىسى) 7 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەدىسنى تەتقىق قىلىشقا باشلىغان، ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى ئەلى مەزھىپىنىڭ ئىمامى بولغان. ئابدۇللانىڭ نەۋرىسى ئىبراھىم مىلادى 746 - يىلى ئىرانلىق ئەبۇ مۇسلىمنى خۇراسان (بۈگۈنكى ئىراننىڭ ئوتتۇرا قىسمى)غا ئۇمەييە سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىشقا ئەۋەتكەن. ئۈچ يىل داۋاملاشقان بۇ ئۇرۇشتا ئەبۇمۇسلىم غەلىبە قىلغان. مىلادى 749 - يىل 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئابباسىلاردىن ئەبۇ ئابباس كۇفەدە تەختكە ئولتۇرۇپ، ئابباسىلار سۇلالىسىنىڭ بىرىنچى خەلىپىسى بولغان.

لېكىن، ئۇمەييە سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇش كۈرىشىدە ئەلى مەزھىپىدىكى ئابباسىلارغا زور ياردەم بەرگەن ئەبۇ سامارا بىلەن ئەبۇ مۇسلىمنى يېڭى سۇلالىدىكىلەر ئۆلتۈرۈۋەتكەن. بۇ، ئەلى مەزھىپىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىنى قوزغىغان. مىلادى 762 - يىلى ئەلىنىڭ ئەۋرىسى ئىبراھىم بىلەن مۇھەممەت بەسرە، مەدىنىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ



يېڭى سۇلالىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرغان، كېيىنچە 10 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مىسىردا شىئە - ئىسمائىلىيە مەزھىپى سۇلالىسى، يەنى فاتىمىيە سۇلالىسى قۇرۇلغان. شۇ مەزگىلدە ئىمپېرىيە مەركىزىدە ئىسمائىلىيە مەزھىپى دىنىي ئەقىدىسىنىڭ تەسىرى بىلەن كارامەتچىلەر ھەرىكىتى پارتلىغان. كېيىن ئۇ ئەرەب يېرىم ئارىلىغىچە كېڭەيگەن. مىلادى 899 - يىلى بەھرەيىندە قۇرۇلغان كارامەتچىلەر دۆلىتى 200 يىلغا يېقىن داۋام قىلغان.

ئەلى مەزھىپىنىڭ قارشىلىقى ئوبيېكتىپ جەھەتتە تۈۋەن قاتلامدىكىلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئويغۇنلىشىپ قالغانلىقتىن، بەلگىلىك كۆچكە ئىگە بولغان ھەمدە ئۇزاققىچە داۋام قىلغان. ئابباسىلارنىڭ ھۆكۈمرانى بۇنى چوڭقۇر ھېس قىلغان. شۇڭا، ئۇلار جىدەلنى بېسىپ، كىشىلەرنى تىنجىتىش ئۈچۈن، شىئە مەزھىپىگە يول قويۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشكە مەجبۇر بولغان. ئابباسىلار سۇلالىسى شىئە مەزھىپىدىكى نۇرغۇن ئىرانلىقنى ھاكىمىيەتكە قاتناشتۇرغان. خەلىپە مەئمۇن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە، ئابباسىلار سىمۋول قىلىندىغان قارا بايراقنى بىر مەھەل شىئە مەزھىپى سىمۋول قىلىندىغان يېشىل بايراققا ئالماشتۇرغان. ئۇ شىئە مەزھىپىنىڭ ئىختىيارىي دىنىي پائالىيەت ئۆتكۈزۈشىگە يول قويۇپ، پەيغەمبەرنىڭ ۋەخپە يېرىنى ئەلى جەمەتىگە قايتۇرۇپ بەرگەن ھەمدە ئەلىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى ئەلى مۇسالىدانى كۈيئوغۇل قىلغان. ئابباسىلار سۇلالىسىنىڭ يول قويۇش سىياسىتى بىلەن ئىمپېرىيىنىڭ ئىجتىمائىي زىددىيەتلىرى مەلۇم دەرىجىدە پەسەيگەن. شىئە مەزھىپى يېڭىباشتىن تەشكىللەنگەن ھەمدە 9 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا سىستېمىلىق دىنىي ئەقىدىنى تۈزۈپ چىققان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىئە مەزھىپىنىڭ دىنىي مەزھەپلىك تارىخى باشلانغان.

## چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ ئېتىقادلىرى

سوۋېت قىرغىزىستانىنىڭ پايتەختى فرونزى شەھىرىدە ئۆتكەن يىل سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە تۈركشۇناسلارنىڭ چوڭ يىغىلىشى بولۇپ ئۆتتى. يىغىنغا دۇنياغا مەشھۇر سوۋېت يازغۇچىسى چىڭغىز ئايتماتوۋ قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى.

— ھازىرقى ۋاقىتتا، — دېدى ئۇ سۆزىدە. — مېنىڭچە، تۈركشۇناسلىقتىكى چوڭ كەمچىلىكنىڭ بىرى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئالىملىرى تىل، ئەدەبىيات، تارىخ، يازما يادىكارلىقلارنى تەكشۈرگەندە، يۈسۈپ بالاساغۇنىي ۋە مەخمۇت قەشقىرىلەرنى، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ھەم ئۇلاردىن كېيىن يېزىلىپ قالغان يادىكارلىقلارنى ئاساسەن ئۆز خەلقىگە تېگىشلىك قىلىپ كۆرسەتكۈسى كېلىدۇ. ئۇلار يۈسۈپ بالاساغۇنىي ۋە مەخمۇت قەشقىرىنى ھەممە تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە تېگىشلىك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ خەلقلەر ئۆز يازما ئەدەبىياتىنى شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ تەرەققىي ئەتتۈرۈپ كەلمەكتە، دەپ تەكىتلىمەكچى بولۇشىدۇ. ئەمما مېنىڭ پىكرىمچە، يۈسۈپ بالاساغۇنىي ۋە مەخمۇت قەشقىرى ئەڭ ئاۋۋال ئۇيغۇر خەلقىگە تېگىشلىك. ئاندىن باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ يازما ئەدەبىياتىنى شۇلاردىن كېيىن باشلىغان، دېسەك توغرا بولىدۇ. بۇ پىكرىم ئۇرخۇن - يەنسەي ئەترابىدىن تېپىلغان قەدىمىي يازما يادىكارلىقلارغىمۇ مۇناسىۋەتلىك. ئۇرخۇن - يەنسەيدىن تېپىلغان قەدىمىي تۈرك ۋە ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنى مەكتەپ ئوقۇش ماتېرىياللىرىغا كىرگۈزۈش كېرەك. ئەمما ھازىر كۆپىنچە ئالىملار ئۆز خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىنى ئەڭ قەدىمىي قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشىۋاتقانلىقتىن، تۈركشۇناسلىقتا كۆپ زىيان تارتىش بايقالماقتا. شۇڭا تارىختا تارىخىي مەيدان، تارىخىي پاكىتنى، چىنلىقنى ئاساس قىلىپ قاراشنى ئۈمىد قىلىمەن.

(خەمىت نىغمەت تەييارلىغان)

# قورغاستىكى زىيارەتتىن ئويلىغانلىرىم

جۇڭ ۋېن

بىز غۇلجا شەھىرىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان قورغاس ئېغىزىغا چۈشتە يېتىپ كەلدۇق. دەسلەپتە بۇ يەر كىچىك بولسىمۇ ئادەم كۆپ. كوچىلار ئاۋات بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلىغاندۇق. ئەمەلىيەتتە، تاموژنا، پوچتىخانا، ماگىزىن، تاشقى سودا ماللىرى ئورنى قاتارلىق ساناقلىق بىر قانچە ئورۇنلا بار ئىكەن. قورغاس بازىرى كىچىك بولغىنى بىلەن، شىمالىي شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن چېگرا سودىسى ئېلىپ بارىدىغان ئېغىزى. 50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا، دۆلىتىمىز سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بۇ ئېغىزنى ئاچقاندىن كېيىن، بۇ يەر بىر مەزگىل ناھايىتى ئاۋاتلىشىپ كەتكەن. بىراق بۇ خىل سودا ئالاقىسى 1979 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۈزۈلۈپ قالغان. 1983 - يىلى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، سودا سوممىسى مۇقىم ئېشىپ بارغان. شىنجاڭ مال ئالماشتۇرۇش شەكلى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا پاختا توقۇلما بۇيۇملىرى، چايدان، كۆن - خۇرۇم، قولماق قاتارلىق يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرى ۋە يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلغان. سوۋېت ئىتتىپاقى بىز تەرەپكە ئاساسەن قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، پولات چىۋىق، سېمونت ۋە خىمىيىۋى ئوغۇت، يۈك ئاپتوموبىلى، پىكاپ قاتارلىقلارنى ئېكسپورت قىلغان. ئېكسپورت



قىلىنىدىغان ماللار شىنجاڭنىڭ ئۆزىدىن چىقىرىلىپ، ئىمپورت قىلىنىدىغان ماللارمۇ شىنجاڭدا ئىشلىتىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي جانلاندۇرۇلغان. بۇنىڭ بىلەن، شەرقىي قىسمىدىكى تۆمۈريول ترانسپورتىنىڭ بېسىمى ئازايتىلىپ. شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىغان.

تاشقى سودا ماللىرىنى يۆتكەش مەيدانىنىڭ مەسئۇلى بىزگە ھازىر ئىككى تەرەپنىڭ چېگرا سودىسىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ئارزۇسىدا بولۇۋاتقانلىقىنى، گوۋۇيۈەن شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بەش رېسپۇبلىكىسى، ئىككى چېگرا رايونى ۋە بىر ئوبلاستى بىلەن بىۋاسىتە چېگرا سودىسى ئېلىپ بېرىشىنى تەستىقلىغانلىقىنى، بۇنىڭ تاشقى سودا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا






ھاياتىي كۈچ ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. بىز تاشقى سودا ماللىرىنى يۈتكەش مەيدانىدا تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن پولات ماتېرىياللىرىنى، سېمونتنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چوڭ تىپتىكى يۈك ئاپتوموبىللىرىنىڭ يۈك چۈشۈرۈشىنى كۈتۈپ ئۆچرەتتە تۇرغانلىقىنى، ئىشچىلىرىمىزنىڭ ناھايىتى ئالدىراش يۈك چۈشۈرۈۋاتقانلىقىنى، توغقان يوقلاش، سەيلى-ساياھەت قىلىش ئۈچۈن كىرىپ-چىقىۋاتقانلارنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق.

ئەمەلىيەتتىن شۇنى ھېس قىلدۇقكى، شىنجاڭدا ئېكسپورت خىزمىتىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشتىكى ئاساسىي مەسىلە مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاپ، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش ئىكەن. چۈنكى شىنجاڭدا ئەنئەنىۋى تەبىئىي ئىگىلىك ئۇسۇلىنى قوللىنىش تۈپەيلىدىن، ئىلگىرى مەھسۇلاتلار، ئاساسەن، ئۆز ئىستىمالى ئۈچۈن ئىشلىتىلىپ، ئېكسپورت سودىسى تۈزۈلمىسىگە كىرگۈزۈلمىگەنلىكتىن، مەھسۇلات سۈپىتى ئېكسپورت ئېھتىياجىغا ماسلىشالماي قالغان. شۇڭا، بايلىق مەنبەسى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكنى ئادەتتىكى مەھسۇلات جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈككە ئەمەس، بەلكى تاشقى سودا تاۋارلىرى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇش كېرەك دەيدىغان يېتەكچى ئىدىيىنى تىكلەش زۆرۈر ئىكەن.

باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىمۇ تاشقى سودا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشالمىغان. ئۇزۇن يىللار تاشقى سودا خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەرمەي، ناھىيە دەرىجىلىك تاشقى سودا ئىدارىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، كوپېراتىپ سىستېمىسىغا قوشۇۋەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىلى رايونىدا ئىشلەپچىقىرىشقا ۋە پىششىقلاشقا بولىدىغان مەھسۇلاتلار يەنىلا ئۈرۈمچىگە ئاپىرىلىپ پىششىقلانغان ۋە ئىشلەپچىقىرىلغاندىن كېيىن، سودا ئېغىزىغا توشۇپ كېلىنىپ ئېكسپورت قىلىنغان. ئىمپورت قىلىنغان ماللارنىڭ بەزىلىرىنى سودا ئېغىزىدىن بىۋاسىتە ھەرقايسى جايلارغا تارقىتىشقا بولىدىغان تۇرۇقلۇق يەنىلا ئۈرۈمچىگە توشۇپ ئاپىرىلىپ، ئاندىن تارقىتىلغان. بۇنداق ئورۇنسىز ئاپىرىش-ئەكىلىشلەر مالنىڭ ئايلىنىشىنى ئۇزارتىۋەتكەن.

باھانىڭ ئەركىن قويۇۋېتىلىشىگە ئەگىشىپ، ئىمپورت-ئېكسپورت قىلىنىدىغان ماللارنىڭ تەننەرخى ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار رىقابەت كۈچىدىن ئايرىلىپ قالغان، ئىمپورت قىلىنىدىغان مەھسۇلاتلار نىسبىتىنىڭ ئېشىشى بىلەن تاموژنا بېجى كۆپىيىپ، باھاسى ئاشقانلىقتىن، بۇ ماللارنى بازارغا سېلىشمۇ ناھايىتى قىيىن بولۇپ قالغان. قورغاس ئېغىزىدىن ئىمپورت قىلىنغان يۈك ئاپتوموبىلىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى سېتىلىش باھاسى ئەسلىدە 80 مىڭ يۈەن ئىكەن. ھازىر 100 نەچچە مىڭ يۈەنگە ئۆسۈپ كەتكەنلىكتىن، زور بىر تۈركۈم ئاپتوموبىل بېسىلىپ قالغان. شۇڭا تاشقى سودا تارمىقى دۆلەتنىڭ مىللىي رايونلاردىكى تاشقى سودا مەھسۇلاتلىرىغا مۇۋاپىق باھا قوشۇمچە پۇلى قوشۇپ بېرىشنى مۇراجىئەت قىلغان.

گەرچە بىر قاتار مەسىلىلەر ساقلانغان بولسىمۇ، شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودا ئىشلىرىدا ياخشى تەرەققىيات يۈزلىنىشى بارلىققا كەلگەن، بۇ بىر ياخشى باشلىنىش.

# «تەكلىماكان» ئاتالغۇسى ھەققىدە مۇلاھىزە

قۇربان ۋەلى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە شەرقتىن غەربكە 1000 كىلومېتر، شىمالدىن جەنۇبقا 400 كىلومېتر كېلىدىغان بىر چوڭ قۇملۇق بار. بۇ چوڭ قۇملۇقنىڭ نامى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «تەكلىماكان» دەپ ئاتىلىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇ ھەققىدە كۆپ يىللاردىن بۇيان جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ مۇلاھىزىلىرىنى شەرھلەپ مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلدى. بۇ مۇلاھىزىلەرنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

— «تەكلىماكان» دېگەن نام پارسچە «تاك» (ئۈزۈم) بىلەن ئەرەبچە «مەكان» (زېمىن، يۇرت) تىن تۈزۈلگەن. مەنىسى ئۈزۈملۈك يۇرت.

— «تېكىلماكان» دېگەن ئۇيغۇرچە سۆز، مەنىسى قۇم تېگىدە قالغان ماكان.

— «تاكلاماكان» دېگەن قەدىمكى تۈركچە سۆز، مەنىسى قۇم دېڭىزى.

— «تاكىلاماگەن» دېگەن ئۇيغۇرچە سۆز، مەنىسى بارسا كەلمەس جاي.

— «تەكالىماكان» دېگەن ئۇيغۇرچە سۆز، مەنىسى تاقالغان ماكان.

— «تەھتى ماكان» دېگەن ئەرەبچە سۆز، مەنىسى تېگى ماكان.

— «ئېسىلماكان» دېگەن ئۇيغۇرچە سۆز، مەنىسى ئەسلىدىكى ماكان.

— «تەركىماكان» دېگەن ئۇيغۇرچە سۆز، مەنىسى خارابىلىققا ئايلانغان يۇرت.

— «تەزكىنى تۈركان» دېگەن ئۇيغۇرچە سۆز، مەنىسى قەدىمكى تۈركلەر تاشلاپ كەتكەن ماكان......

«تەكلىماكان» دېگەن نامنى يۇقىرىدا ئەسلەپ ئۆتۈلگەنگە ئوخشاش ھەر كىم ئۆز قىياسى بويىچە چۈشەندۈرۈپ كەلگەچكە، ھازىر كىتابلاردا، بولۇپمۇ لۇغەتلەردە ئوخشاش بولمىغان تەبىرلەر بىلەن كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. لېكىن، يۇقىرىدىكى مۇلاھىزىلەرنىڭ ھېچقايسىسىدا بۇ نامنىڭ قانداق قەدىمكى كىتابتا تىلغا ئېلىنغانلىقى، يەنى قانداق تارىخىي ئاساسى بارلىقى ئەسكەرتىلمىگەن، شۇنداقلا بۇ مۇلاھىزىلەرنىڭ تىلشۇناسلىق قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن كېلىش - كەلمەسلىكى قىلچە ھېسابقا ئېلىنمىغان.

زامانىمىزنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ئۆلچىمى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ھەر قانداق كىشى بىرەر جۇغراپىيىلىك تارىخىي نام ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ تەبىر بەرگەندە، ئۇنى مەلۇم يازما يادىكارلىق ئاساسى بىلەن ئىسپاتلاپ چىقالمىسا، ئۇنداق مۇلاھىزىگە كىشىلەر قايىل بولمايدۇ، شۇنداقلا ئۆز خاھىشى بويىچە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى ئۆزگەرتىپ تەلەپپۇز قىلىۋېلىشقىمۇ رۇخسەت قىلىنمايدۇ، ئەلۋەتتە.



مەن خوتەنلىك ئەدىب موللا ئىسمەتۇللابىننى موللا نىئمەتۇللا مۆئجىزى ھىجرى 1271 - يىلى (مىلادى 1854 — 1855 - يىللىرى) يازغان «تەۋارىخىي مۇسىقىيۇن» (مۇزىكىچىلار تارىخى) دېگەن چاغاتايچە كىتابتا (قولىيازما نۇسخىسىنىڭ 34 - بېتىدە) سۇلتان ئابدۇرشىتخاننىڭ سەنئەتكار ئامانىساخېنىمغا ئاشىق بولۇشىنىڭ باشلىنىشى توغرىسىدىكى بىر قىزىقارلىق ھېكايىنىڭ بايانىدا «پايتەخت ياركەندىن ئاتلىنىپ تارىم (خارم) دەرياسىنى بويلاپ تەرك ماكان (ترك مكان)دە شىكارغا يۈزلەندىلەر» دېگەن بىر جۈملە سۆزنى ئۇچراتتىم. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «تەكلىماكان» دېگەن نام بۇنىڭدىن 132 يىل بۇرۇن «تەرك ماكان» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان ۋە شۇنداق ئاتىلىپ كەلگەن.

بۇ ئاتالغۇنى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، «تەرك» دېگەن ئەرەبچىدىن ئۆزلەشكەن ئۇيغۇرچە سۆز، مەنىسى تاشلانغان؛ «ماكان» دېگەنمۇ ئەرەبچىدىن ئۆزلەشكەن ئۇيغۇرچە سۆز، مەنىسى يۇرت، تۇرار جاي. «تەرك ماكان» دېگەن سۆز تاشلانغان ماكان دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ نامغا شۇ زاماندىكى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئەدىبلەر تەرىپىدىن ئەرەب - پارس گرامماتىكىسىنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن چاغاتايچە سۈپەت ياسىغۇچى ئۇلانما «لى» قوشۇلۇپ «تەركلىماكان» دەپ يېزىلىپ، كېيىن تەلەپپۇز قىلىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن «ر» تاشلىنىپ «تەكلىماكان» دەپ ئاتىلىدىغان بولغان بولۇشى مۇمكىن.

تەكلىماكاننىڭ نامى ھەققىدە ئىزدەنگەنلىرىم ۋە مۇلاھىزەم يۇقىرىدىكىلەردىن ئىبارەت. بۇ نامлар ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان تەتقىقاتچىلار «تەۋارىخىي مۇسىقىيۇن» دىكىدىن باشقا يېڭى يازما خاتىرە ئاساسلىرى بولسا ئوتتۇرىغا قويسا، ئاندىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدىكى بەس - مۇنازىرە ئارقىلىق بۇ تېمىنى خۇلاسىلەشكە ۋە ئېنىق يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇ.

## مەشھۇر كىتاب ــ «ھۇدۇدۇلئالەم»

مەشھۇر تارىخىي كىتاب «ھۇدۇدۇلئالەم» (ئەرەبچە «دۇنيادىكى جايلارنىڭ چېگرا دائىرىلىرى تەزكىرىسى» دېگەنلىك بولىدۇ) مىلادى 982 - 983 - يىللاردا قەدىمكى پارس يېزىقىدا يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ قولىيازمىسى 1892 - يىلى بۇخارادىن تېپىلغان. بۇ كىتابتا 9 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 10 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان مەزگىلدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا ئائىت ئەھۋاللار بايان قىلىنغان. ئاپتور ئەسىرىدە توققۇز ئوغۇز، ياغما، قىرغىز، قارلۇق، چىگىل، تۈركەش، قوماق قاتارلىق تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ جايلىشىش دائىرىسىنى خېلى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ بەرگەن. ئۇنىڭدا كۆرسىتىلگەن «توققۇز ئوغۇزلار» ئاساسەن غەربىي تەرەپتىكى ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان بولۇپ، مىلادى 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا موڭغۇل چۆللىكىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغانلىقى؛ مىلادى 840 - يىلى بۇيرۇق سالچۇققۇە پانتېگىن باشچىلىقىدىكى 15 قەبىلە ئۇيغۇرلار قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇپ، ئىدىقۇت، يارغول، بەشبالىق ۋە كۇمسى شەھەرلىرىنى باشقۇرغانلىقىنى؛ بەشبالىق بولسا ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ يازلىق ئوردىسى بولغانلىقى؛ ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر خانلىقى تۈركىي قەبىلەر دۆلەتلىرى ئىچىدە نوپۇسى ئەڭ كۆپ، دائىرىسى ئەڭ چوڭ دۆلەت بولۇپ قالغانلىقىنى يازغان. ئۇيغۇر ئاھالىلىرى ھازىرقى قۇمۇل، قاراشەھەر، كۇچا، ئۈچتۇرپان، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەنلەرگە تارقالغانلىقى، توققۇز ئوغۇزلارنىڭ شىمالىي چېگرىسى ئىسسىق كۆل ئەترابىدا ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن.

قىسقىسى، «ھۇدۇدۇلئالەم»دە ئەينى ۋاقىتتىكى تۈرك قەبىلىلىرىگە دائىر قىممەتلىك تارىخىي مەلۇماتلار يېزىلغان بولۇپ، شىنجاڭنىڭ تارىخ تەتقىقاتىدا مۇھىم ئىلمىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

# ئىرشىماي تۇرۇپ روناق تاپىمەن دېيىش بىكار گەپ

ھەسەن ساۋۇت

بۈگۈنكى دۇنيا ئۇچۇق دۇنيا شۇنداقلا رىقابەت دۇنياسى. بىرەر مىللەت، جۈملىدىن بىرەر كىشى بۇ رىقابەت دۇنياسىدا ھەر جەھەتتىن ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ باشقىلار بىلەن تەڭ تۇرىمەن، يېڭىلىق ۋە مۆجىزە يارىتىمەن دەيدىكەن، ئالغا ئىنتىلىش روھىغا، جاپاغا چىداپ ئىرىشىپ ئىشلەپ، يېڭى يول ئېچىش ئىرادىسىگە، ئوڭۇشسىزلىقلارنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئايلاندۇرالايدىغان شىجائەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك. بۇنداق روھ، ئىرادە، شىجائەت ئىچىدە ئەڭ قىممەتلىكى جانپىدالىق بىلەن ئىرىشىپ، ئالغا ئىلگىرىلەش روھىدۇر. مۇشۇنداق روھ بولغاندا، قەتئىي ئىرادە ئىگىلىگىلى، غەيرەت، شىجائەتكە ئىگە بولغىلى، مىللەتنى روناق تاپقۇزۇشقا تۆھپە قوشقىلى بولىدۇ. شىنجاڭ داشۆسى فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئەركىن سىدىق ئەنە شۇنداق قىممەتلىك روھقا ئىگە شىجائەتلىك ياش.

يولداش ئەركىن سىدىق باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇپ پۈتتۈرگەن، ھالبۇكى ھازىر ئۇ خەنزۇ، ئىنگلىز، ياپون تىللىرىدا سۆزلىنىشەلەيدۇ؛ مۇشۇ مىللەتلەرنىڭ يېزىقلىرىدىكى كىتابلاردىن تولۇق پايدىلىنالايدۇ. ئۇ بۇ تىللارنى ئۆگىنىشتە باشقىلاردىن ئىلتىپات، ساخاۋەت، ئېتىبار بېرىشنى كۈتۈپ ئولتۇرمىغان، رىقابەت مەيداندا قايسى مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممە ئادەم باراۋەر، ھەممەيلەن ئەركىن رىقابەتلىشەلەيدۇ، دەپ قارىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن تىل ۋە كەسىپ ئۆگىنىشتە باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشۈشكە تىرىشقان ۋە ئۆزىگە كۈنگە 13 سائەتتىن ئۆگىنىش تەلىپىنى قويغان، زىمىستان قىشتىمۇ، تومۇز ئىسسىقتىمۇ باش كۆتەرمەي ئۆگەنگەن. ۋۇجۇدىدىكى بارلىق زېھنىي كۈچىنى ئۆگىنىشكە بېغىشلىغان، ئۇ شىنجاڭ داشۆدە ئوقۇۋاتقىنىدا شىنجاڭ داشۆسى ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، مەملىكەتلىك 10 - نۆۋەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. ئۇ ئەنە شۇ چوڭ مەنسەپلەرنىڭ سايىسىدا تېخىمۇ كۆپ ئېتىبارغا ئېرىشىشى، باشقىلارنى زوقلاندۇرۇشى، كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما، ئۇ، بۇ ئەۋزەللىكلەرنى يىلتىزسىز دەرەخ، ئۆتكۈنچى بۇلۇت، بىر ئورام تاماكىنىڭ تۈتۈنى دەپ قارىغان، چەتتىن كەلگەن پايدىلىق شارائىتلارنىڭ مەڭگۈلۈك ئەمەسلىكىنى، ئۆزىدە قانائەتلىنىش، يۆلىنىۋېلىش كەيپىياتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئېھتىمالى بارلىقىنى سەگەكلىك بىلەن سېزىۋېلىپ، مەنسەپ كەلتۈرۈش ئېھتىمالى بولغان بىر مۇنچە شان - شەرەپ، مەنپەئەت، قولايلىقلاردىن ئاڭلىق ۋاز كېچىپ، جاپالىق ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرغان. ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر كۆپىيىپ تۇرغۇن ۋاقىت. تۈرلۈك



يىغىن - پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا سەرپ بولۇپ كەتسىمۇ، دەم ئېلىش ھەتتا ئۇخلاش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆگىنىپ زايە بولغان ۋاقىتنىڭ ئورنىنى تولدۇرغان. شۇنداق قىلىپ خەنزۇچە، ئەنگلىزچە تىللارنى ئىگىلەپ، كەسپىي دەرستە ئەلاچى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلاردىن ھالقىپ كېتىپ، 1984 - يىلى دۆلەت بويىچە ئېلىنغان چەتكە چىقىپ ئوقۇش ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ ياپونىيىگە ئوقۇشقا چىققان تۇنجى ئەۋلاد ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان.

ئەركىن سىدىق ياپونىيىنىڭ ئوساكا ئېلېكتر داشۆسىدە بىلىم ئاشۇرۇۋاتقان مەزگىلدە يېڭى سىناق، يېڭى چېنىقىشقا دۇچ كەلگەن. چەتئەلدە ئۇ ئۆزىنى ئاددىي بىر ئوقۇغۇچى دەپ ھېسابلاپلا قالماستىن، ۋەتىنىنىڭ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ۋەكىلى دەپ ھېسابلاپ، ياپونلۇق ئوقۇغۇچىلار ۋە چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئاكتىپ رىقابەتلەشكەن. ئۇ ئۆزىنى ياپونلۇق ئوقۇغۇچىلارغا سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ۋە غەيرىتى بىلەن بىرلەشتۈرگەن، جۇڭگولۇقلارنىڭ ياپونلۇقلاردىن قېلىشمايدىغانلىقىنى ئۆگىنىشتە ئەلا نەتىجە يارىتىپ ئىسپاتلايمەن، دېگەن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كېچە - كۈندۈز ئۆگەنگەن، تەتقىق قىلغان. ئىككى يېرىم يىل ئىچىدە ئۇ سەككىز تەتقىقات تېمىسىنى تاماملىغان. ياپون ۋە ئىنگلىز تىلىدا 12 پارچە ئىلمىي ماقالە يازغان، بۇ ماقالىلارنىڭ بەزىلىرى ياپونىيىدىكى ئىلمىي يىغىنلاردا، بەزىلىرى ياپونىيىدە ئېچىلغان خەلقئارا ئىلمىي يىغىنلاردا ئوقۇلغان، بەزىلىرى ئامېرىكىدا چىقىدىغان نوپۇزلۇق كەسپىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. كىشىنى ئەڭ تەسىرلەندۈرىدىغىنى شۇكى، ئەركىن سىدىق ياپونىيە تاشقى ئىشلار ۋازارىتى ياپونىيىدىكى چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئۇيۇشتۇرغان ياپون تىلىدا نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسىدا ئۈچىنچى بولغان. گەرچە بۇ مۇسابىقە ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى مۇسابىقە بولسىمۇ، ئەمما ئۇ مۇشۇ مۇسابىقىگە قاتنىشىش ئارقىلىق كەسكىن رىقابەتتە نەتىجىگە ئېرىشىپ ۋەتەن، خەلق، مىللەتكە شان - شەرەپ كەلتۈرگەن. بىز ئەركىن سىدىقنىڭ نەتىجىلىرىدىن ئىپتىخارلىق ئىچىدە شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى: ئۇيغۇر مىللىتىمۇ دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەر بىلەن، ئەقىل، پاراسەتتە، ئىختىرا- يېڭىلىق يارىتىشتا رىقابەتلىشەلەيدۇ، شۇنداقلا رىقابەتتە باشقىلارنىڭ زوقىنى قوزغىغۇدەك، ئۇلارنى ھەيران قالدۇرغۇدەك نەتىجە، شەرەپ يارىتالايدۇ دېگەن ھەقىقەت گۆھەردەك چاقناپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى باشقا مىللەت خەلقلىرىگە ئوخشاش، ئەقىل - پاراسەتلىك، ئىشچان، باتۇر خەلق، دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەرگە ئوخشاش روناق تاپالايدۇ، مۆجىزە يارىتالايدۇ، بۇنىڭغا دەۋرىمىز كەڭتاشا ئىمكان يارىتىپ بەردى، ئەمدىكى گەپ ئۆزىمىزدىكى سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىق ۋە ئەقىل - پاراسەتنى ئۇرغۇتۇپ، روناق تېپىش يولىدىكى رىقابەتتە جاسارەت - غەيرەتنى ئىشقا سېلىشتا قالدى. ئەگەر روھىي ھالىتىمىزدىكى يۇلىنىۋېلىش، بىغەملىك، ھورۇنلۇق، شۈكرى - قانائەت قىلىش، تەقدىرچىلىك، ھەسەتخورلۇق، تار نەزەرلىك بولۇش قاتارلىق ئىللەتلەرنى چۆرۈپ تاشلاپ، تاۋار ئىگىلىكى ئېڭى، ھازىرقى زامان ئېڭى ۋە رىقابەتلىشىش ئېڭىنى تىكلەپ، ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىدىغان جاپاغا چىداپ تىرىشىدىغان، يېڭىلىق يارىتىشقا، كەشىپ-ئىختىرا قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان بولساق، نامراتلىق - قالاقلىقتىن تېز قۇتۇلۇپ، باي، ئىلغار، مەدەنىيەتلىك مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالالايمىز، ئەكسىچە بولغاندا، روناق تېپىش يولىدىكى رىقابەتتە شاللىنىپ، قالاق ھالەتتە قېلىۋېرىمىز. ئۆزىمىز تىرىشماي تۇرۇپ روناق تاپىمەن، دېيىش بىكار گەپ.

# نامرات قېرىنداشلارنىڭ ساداسى

مۇ جيەنشىن

ئۆتكەن يىل 7 - ئاينىڭ 20 - كۈندىن 26 - كۈنىگىچە شىنىڭدە ئۆتكۈزۈلگەن 11 ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن نەزەرىيە تەتقىقاتچىلىرىنىڭ «سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ۋە غەربىي رايوننىڭ ئىسلاھاتى، تەرەققىياتىغا دائىر نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت توغرىسىدىكى مۇھاكىمە يىغىنى»دا غەربىي رايون نەزەرىيىسى سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ساداسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. غەربىي رايون نەزەرىيىسى دېگىنىمىز — غەربىي رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان ماركسىزم يېتەكچىلىكىدىكى نەزەرىيە، يەنى قانداق قىلغاندا غەربىي رايوننىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھاياتىي كۈچىنى قوزغاپ، نامراتلىققا قارشى جەڭ قىلىپ، بۇ رايوننى ئىمكان قەدەر چاپسانراق گۈللەندۈرۈپ، شەرقىي رايون بىلەن بولغان پەرقنى كىچىكلىتىش توغرىسىدىكى نەزەرىيىدۇر.

غەربىي رايون بەش ئاپتونوم رايون ۋە ئالتە ئۆلكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ جايلاردىكى ئاھالىنىڭ بەشتىن بىر قىسمى ھېلىمۇ نامراتلىق گىرداۋىدا تۇرماقتا. ئۇلار مەملىكەت بويىچە نامرات ئاھالىنىڭ 70 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ، يەنە كېلىپ نامرات ئاھالىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىغا جايلاشقان. 1985 - يىلى غەربىي رايوننىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 17.23 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن، شەرقىي رايونلار بولسا 53.68 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. ھازىر بۇ رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بارغانسېرى چوڭىيىشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە. ئۇنىڭ تەرەققىياتىدىكى پەرقلەرمۇ ئومۇمىيۈزلۈك بولماقتا.

بۇ قېتىمقى يىغىنغا سۇنۇلغان مەخسۇس تەتقىقات دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە: غەربىي رايوننىڭ شەرقىي رايون بىلەن بولغان ئىقتىسادىي جەھەتتىكى پەرقىنىڭ كېڭىيىشىنى مەلۇم مەزگىل ئىچىدە ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. ئۇ، ئىقتىساد ۋە تېخنىكا جەھەتتىكى ئەمەلىي كۈچكە، ئىگىلىك قۇرۇلمىسى، بازار شارائىتى، ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسى، دۆلەتنىڭ سىياسىتىگە ۋە باشقا ئامىللارغا باغلىق. ئىگىلىك قۇرۇلمىسى جەھەتتە، شەرقىي رايوننىڭ سانائەت سالمىقى چوڭ، سانائەتتىكى يېنىك سانائەت، پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئېغىر سانائەت جەھەتتە، غەربىي رايوندىكى سىچۈەن، شەنشى ئۆلكىلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولغاندىن باشقا، گەنسۇ، نىڭشيا، گۇيجۇ، چىڭخەي، شىنجاڭ، ئىچكى موڭغۇل، يۈننەن قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئۆلكە، رايونلاردا كانچىلىق ۋە خام ئەشيا سانائىتى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. مانا بۇ ئىشلەش قىممىتىنىڭ ئازىيىۋاتقانلىقى ۋە يوشۇرۇن قىممىتىنىڭ غەربىي



رايوندىن شەرقىي رايونغا يۆتكىلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ؛ بازار شارائىتى جەھەتتە، شەرقىي رايوننىڭ قاتناش - ترانسپورت ئىشلىرى غەربىي رايوننىڭكىدىن قولايلىق، خەۋەر - ئۇچۇرلىرى تېز، تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىي قىلغان، چەت ئەللەر بىلەن ئالاقىسى قويۇق، ئۇلار چەت ئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلىشتا پايدىلىق شارائىتقا ئىگە، ئەمگەك كۈچىنىڭ ساپاسى، كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ پەن - مەدەنىيەت، تېخنىكا سەۋىيىسى، تاۋار ئىگىلىكى كۆز قارىشى، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىقتىدارى قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ شەرقىي رايون بىلەن غەربىي رايوننىڭ پەرقى ناھايىتى چوڭ. شۇڭا دۆلەت مەبلەغ سېلىش نۇقتىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا، شەرقىي رايونغا بەكرەك يان بېسىش سىياسىتىنى يولغا قويىدۇ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مەبلەغنى مەركەزلەشتۈرۈپ غەربىي رايونغا سېلىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن، شەرقىي رايون بىلەن غەربىي رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى پەرقىنىڭ زورىيىپ بېرىش ۋەزىيىتى بىر مەزگىل مۇقەررەر ساقلىنىپ تۇرىدۇ. لېكىن بۇنداق دېگەنلىك غەربىي رايون ھېچ ئىشقا يارىمايدۇ، دەۋرنىڭ ئارقىدىراق تۇرسىمۇ بولۇۋېرىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. ھازىرقى ۋاقىت ئېلىمىزنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ قىيىنچىلىق مەزگىلى، شۇنداقلا ئۈمىدلىك دەۋر. چۈنكى قىيىنچىلىق ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋالغاندىن كېيىن تۈز يولغا چىققىلى بولىدۇ. غەربىي رايونمۇ غايەت زور ئۈستۈنلۈككە ئىگە. ھازىرقى مەسىلە قانداق قىلغاندا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت ئەۋزەل شارائىتتىن پايدىلىنىپ، ئۈستۈنلۈكنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يۇقىرىراق سەۋىيىگە يەتكۈزۈپ، ئۆزىگە - ئۆزى خوجا بولغان ھالدا تەرەققىي قىلالايدىغان بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ قېتىمقى غەربىي رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇھاكىمە يىغىنىدا تاللىۋېلىشقا بولىدىغان بەزى تەرەققىيات ستراتېگىيىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ئالايلۇق:

— قاتلاملارغا بۆلۈنگەن نۇقتىلىق يان بېسىش ستراتېگىيىسىنى بەلگىلەش لازىم. دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇش ۋە مەبلەغ سېلىش نۇقتىسىنى شەرقىي رايونغا قارىتىپ، قۇدرەتلىك ئىقتىسادىي - تېخنىكا بازىسى قۇرۇپ چىقىپ، تېخىمۇ كۆپ مەبلەغ توپلىغاندىن كېيىن، نۇقتىنى غەربىي رايونغا يۆتكەشنى تەشەببۇس قىلىشنىڭ مەلۇم داۋلىسى بار. ئەمما بۇ نەزەرىيىنىڭمۇ بەزى ئەكس تەسىرى بار. مەسىلەن: ئۇ، پۈتۈن مەملىكەت ئىگىلىكىنىڭ ماس قەدەمدە راۋاجلىنىشىغا پايدىسىز بولۇشى، ماكرولۇق ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن؛ بولۇپمۇ غەربىي قىسىمدىكى مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولغانلىقى ئۈچۈن، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىككە، ئىتتىپاقلىققا، تەرەققىياتقا تەسىر يەتكۈزۈشى مۇمكىن. شۇڭا، دۆلەت مەبلەغ سېلىشتا ھەم شەرققە يان بېسىشى، ھەم غەربىي رايوندىكى ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلغان جايلارغا، مەركىزىي شەھەرلەرگە ۋە چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارغا يان بېسىشى لازىم. چۈنكى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ تەكشىسىزلىكى شەرقىي رايون، ئوتتۇرا رايون، غەربىي رايونلاردا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، ھەر بىر جاينىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. شەرقىي رايون ئومۇمىي جەھەتتە ئىلغار، ئەمما ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ قالاق جايلار بار؛ غەربىي رايون ئومۇمىي جەھەتتە قالاق، ئەمما ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ ھەم ئىلغار جايلار ھەم ئوتتۇراھال جايلار بار.

— «بىر يېرىم نۇقتىلىق» تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى بەلگىلەش لازىم. بۇ خىل ستراتېگىيىلىك قاراش بويىچە جۇڭگونى شەرقىي رايون، ئوتتۇرا رايون، غەربىي رايون دەپ

پەلەمپەيسىمان ئۈچ ئىقتىسادىي رايونغا ئايرىماستىن، بەلكى تۆت سەپلىك ئىقتىسادىي رايونغا ئايرىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ: بىرىنچى سەپ — شەرقىي جەنۇبىي دېڭىز بويىدىكى رايونلار؛ ئىككىنچى سەپ — شەرقىي شىمال، ئىچكى موڭغۇل، شەنشى، ئەنخۇي، جياڭشىدىن ئىبارەت ئالتە ئۆلكە، ئاپتونوم رايون؛ ئۈچىنچى سەپ — گەنسۇ، سەنشى، سىچۇەن، گۈيجۇ، يۈننەن، خۇبېي، خۇنەن، خېنەندىن ئىبارەت سەككىز ئۆلكە؛ تۆتىنچى سەپ — شىنجاڭ، نىڭشيا، چىڭخەي، شىزاڭدىن ئىبارەت بىر ئۆلكە، ئۈچ ئاپتونوم رايون. تەرەققىيات دەرىجىسىدىن قارىغاندا بىرىنچى سەپ — شەرقىي جەنۇبىي رايوندىكى دېڭىز بويى ستراتېگىيىلىك مۇھىم نۇقتا ھېسابلانسا، قالغان ئۈچ سەپ يېرىم مۇھىم نۇقتا ھېسابلىنىشى لازىم. مانا بۇ، بىز ئېيتىۋاتقان بىر يېرىم نۇقتىلىق تەرەققىيات ستراتېگىيىسىدۇر. ئومۇمىي دائىرىدىن قارىغاندا، شەرقىي رايون تەرەققىياتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بولسىمۇ، ئەمما، مۇھىم نۇقتا بولمىغان جايلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ نىسپىي ھالدىكى مۇھىم نۇقتا قىلىنغان رايون شەكىللەنگەن. بىر يېرىم نۇقتىلىق ستراتېگىيىدە ئوتتۇرا رايوننىڭ غەربىي قىسمى بىلەن غەربىي رايوننىڭ شەرقىي قىسمىغا تۇتىشىپ تۇرىدىغان كەڭ رايون دۆلەتنىڭ يېرىم تەرەققىيات نۇقتىسى دەپ ھېسابلانغان. شۇنداق بولغاندا، بۇ ئىككى رايون ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش ھالىتىنى شەكىللەندۈرەلەيدۇ. بۇ، ھەرقايسى سەپلەرنىڭ ئۆزئارا بىرلىشىشىگىمۇ پايدىلىق بولىدۇ، شۇنداقلا مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى ئورتاق تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشكىمۇ پايدىلىق.

— ئاساسىي ئېھتىياج ستراتېگىيىسىنى بەلگىلەش لازىم. غەربىي رايوننىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن، شۇڭا غەربىي رايوننىڭ تەرەققىيات مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتىكى ئاساسىي ئېھتىياجنى قاندۇرۇش كېرەك. نامراتلىقتىن ئاساسىي جەھەتتىن قۇتۇلۇپ، كىيىم پۈتۈن، قورساق توق بولغان تۇرمۇش ھالىتىنى بەرپا قىلغاندىلا، ئاندىن تەرەققىياتنىڭ تۈرتكىسىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. نامرات جايلاردا ئېچىش خاراكتېرىدىكى تەجرىبە رايونلىرىنى قۇرۇپ، نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش كارخانىلىرىنى قۇرۇش ئىزدىنىپ بېقىشقا بولىدىغان يوللارنىڭ بىرى.

— بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىش ستراتېگىيىسىنى بەلگىلەش لازىم. غەربىي رايوندا، بولۇپمۇ مىللىي رايونلاردا نامراتلىق، ئاساسەن بايلىق مەنبەسى ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە، بايلىق ئۈستۈنلۈكىگە ئايلاندۇرماسلىقتا ئىپادىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىچكى - تاشقى بازارلارنى ئېچىش ئارقىلىق بۇنداق ئۆزگىرىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك.

قىسقىسى، بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە يىغىنىدا كىشىلەر تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالدىن، ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت قاتارلىق تەرەپتىن، ئىچكى - تاشقى جەھەتتىن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق غەربىي رايوننىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، قىممەتلىك بىرمۇنچە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. دېمەك، بۇلار غەربىي رايوندىكى نامرات قېرىنداشلارنىڭ ئويغانغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. كىشىلەر شۇنى كۆرمەكتىكى، غەربىي رايون ھەققىدىكى نەزەرىيە سىستېمىسى ئۇيۇق سىزىقتا پەيدا بولماقتا. غەربىي رايوندىكى كىشىلەردە ئاشۇنداق ئۇلۇغۋار نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان غەيرەت - جاسارەت، قەد كۆتۈرۈش، ئىزدىنىش روھى ۋە ئەقىل - پاراسەت جۇش ئۇرماقتا.



# مۇقامنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن

— شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ئەمەتجان ئەھمىدى توغرىسىدا

مۇھەممەت شاۋدۇن

ئۇزاقتىن بۇيان ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ مۇزىكا، چالغۇ ئەسۋابلىرىنى تەتقىق قىلىپ، كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى، جۈملىدىن «يىپەك يولى مۇزىكىسى»، «قەدىمكى كۈسەن مۇزىكىسى» دېگەن كىتابلارنى يېزىپ دۇنياغا تونۇلغان، دۇنيا مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ پەخرى رەئىسى، ياپونىيە دۆڭجىڭ داشۆسىنىڭ پروفېسسورى 78 ياشلىق ئەنىيەن جىڭشىيۇڭ ئەپەندى مۇقام يۇرتىنى زىيارەت قىلىپ، مۇقام ۋارىسلىرىدىن ئۆگىنىش مەقسىتىدە، 1984 - يىلى 7 - ئايدا بىر ئاددىي كىشىنى ئىزدەپ شىنجاڭغا كەلدى.

ئەنىيەن جىڭشىيۇڭ ئىزدەپ كەلگەن كىشى ئەمەتجان ئەھمىدى ئىدى. ئەمەتجان 1956 - يىلىدىن 1961 - يىلىغىچە شاڭخەي مۇزىكا شۆيۈەنىنىڭ ئىجادىيەت فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىنكى ھاياتى مۇزىكا ساھەسىدە ئۆتتى. ئۇ ئەنە شۇ مەزگىلدە 100 دىن ئارتۇق مۇزىكا ئىشلىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە «پامىر يايلىقىدا» دېگەن ياللۇز كىشىلىك ئۇسسۇل مۇزىكىسى 1963 - يىلى مەملىكەتلىك ناخشا - ئۇسسۇل كۆرىكىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «بايرام مەشرىپى» دېگەن كوللېكتىپ ئۇسسۇل مۇزىكىسى يەنە شۇ كۆرەكتە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «يېڭى كېلىننى كۈتۈۋېلىش» دېگەن كوللېكتىپ ئۇسسۇل مۇزىكىسى 1982 - يىلى مەملىكەتلىك ناخشا - ئۇسسۇل كۆرىكىدە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1985 - يىلى ئۇ ئىجاد قىلغان 85 ناخشا - مۇزىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «باھارغا مەدھىيە» ناملىق ناخشا - مۇزىكا توپلىمى نەشر قىلىندى. ئۇ يەنە خەلق ئىچىدە تارقالغان 600 دىن ئارتۇق خەلق ناخشىسىنى توپلاپ نوتىغا ئالدى. يولداش مۇھەممەت زۇنۇن بىلەن بىرلىشىپ تەييارلىغان 437 خەلق ناخشىسى «ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى» دېگەن نام بىلەن بەش كىتاب بولۇپ نەشر قىلىندى، قالغىنى يەنە ئىككى كىتاب بولۇپ نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا.



ئەمەتجان مۇزىكا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ قالماي مۇقام تەتقىقاتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، مۇقام ھەققىدە 30 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە يازدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1984 - يىلى گۇيياڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك مىللىي مۇزىكا مۇھاكىمە يىغىنىغا تەييارلىغان «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاقلىق مۇزىكاشۇناسى توردى ئاخۇن ئاكا» دېگەن ئىلمىي ماقالىسى شۇ يىلى مۇزىكا ساھەسى بويىچە مەملىكەتلىك ئىلمىي تەتقىقات ئەسەرلىرىنى باھالاشتا يۇقىرى باھاغا ئېرىشتى. بۇ ماقالىدە مۇقامنىڭ تەرەققىيات جەريانى ھەققىدە دىققەتنى قوزغايدىغان يېڭى پاكىت ۋە كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ئائىلىسىدىكى بەش ئەۋلادنىڭ مۇقامغا ۋارىسلىق قىلغانلىق تارىخى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان ۋە ئۇنىڭ ئۈچمەس تۆھپىسى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. مۇھىمى، بۇ ماقالە مۇقام ۋە توردى ئاخۇن ئاكا توغرىسىدىكى چۈشەنچە ۋە بېرىلگەن باھانىڭ بىرلىككە كېلىشىگە خېلى زور ئاساس سالغان. شۇ يىغىندا تۇردى ئاخۇن ئاكىنى جۇڭگو مۇزىكا قامۇسىغا كىرگۈزۈش قارار قىلىنىپ، «چوڭ مۇقامشۇناس، مۇقام ئۇستازى» دېگەن تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە قىلىندى. بۇ ماقالە ئېلىمىزنىڭ 16 خىل تىلدا چىقىدىغان «جۇڭگو مۇزىكا تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1985 - يىل 1 - سانىدا سەركە ماقالە سۈپىتىدە ئېلان قىلىندى. ئەنيەن جىڭشيۇگنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ ئەمەتجاننى ئىزدىشىمۇ ئەنە شۇ ماقالە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇ ئاپئاق چاچلىق زاد ئۆزىنى شاگىرت، ئەمەتجاننى ئۇستاز ھېسابلىدى. ئۇ مۇقامنىڭ قۇرۇلمىسى، توردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ئائىلىسىدىكى بەش ئەۋلادنىڭ مۇقام بىلەن شۇغۇللىنىش تارىخى توغرىسىدا تۆزى كۆتكەندەك جاۋابقا ئېرىشىپ قايتقاندىن كېيىن، 1985 - يىل 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى يەنە بىر قېتىم شىنجاڭغا كەلدى. 1986 - يىلى ب د ت خەلقئارا مۇزىكا فوند جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى، لوندون داشۆسىنىڭ پروفېسسورى ئاندرسونمۇ ئەمەتجاننى ئىزدەپ كەلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، تۈركىيە، ئافغانىستان، فرانسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى، ۋېنگرىيە، پاكىستان، يېڭى زېلاندىيە، شياڭگاڭ قاتارلىق ئەللەر ۋە رايونلاردىنمۇ ئارقا - ئارقىدىن بىرمۇنچە كىشى كېلىپ ئەمەتجاندىن مۇقام ھەققىدە بىلىم ئالدى.

ئەمەتجاننىڭ مۇقام توغرىسىدىكى بىلىمى ۋە تەتقىقات نەتىجىسى تۈزۈن مۇددەت قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش، ئىزدىنىش ئارقىلىق قولغا كەلگەن. ئەمەتجان مۇقام ئۆگىنىشنى پاراكەندىچىلىك قاپلىغان يىللاردىمۇ توختىتىپ قويمىدى. ئۇ توردى ئاخۇن ئاكا ئېيتقان 12 مۇقامنىڭ ئۈن ئالغۇ لېنتىسىنى قايتا - قايتا ئاڭلاپ، بىر - بىرلەپ تەتقىق قىلىپ، مۇقاملارنىڭ داپ ئۇرغۇلىرى، رىتىمى، كۈي شەكلى، ئاھاڭ قۇرۇلمىسىنى، مۇقاملارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى بىر قەدەر پۇختا ئىگىلىدى، بولۇپمۇ ئۇ مۇقامنى رەتلەش، ئۆگىنىش، ئورۇنداش ئىشلىرىغا بىۋاسىتە قاتناشتى ۋە يېتەكچىلىك قىلدى. ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەردە ئېلان قىلىنغان مۇقام ۋە مۇقام تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارنى توپلىدى. جۈملىدىن 6 - ئەسىردە ئۆتكەن ئاتاقلىق ئۇيغۇر مۇزىكا نەزەرىيىچىسى سۇجۇپىدىن تارتىپ توردى ئاخۇن ئاكىغىچە ياشاپ ئۆتكەن ئون نەچچە مۇقام ئۇستازىنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنى ئىگىلىدى، بۇلارنى ئايرىم - ئايرىم ۋە ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ مۇقام ھەۋەسكارىدىن مۇقام نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى جەھەتتە بىر قەدەر مول بىلىمگە ئىگە مۇقام مۇتەخەسسىسىگە ئايلاندى.

مۇقامغا ۋارىسلىق قىلىشتىن مەقسەت ئۇنى ئۆستۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. مۇقام ئۈزلۈكسىز راۋاجلانغاندىلا، دەۋرنىڭ ۋە دۇنيانىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىپ، يېڭى ئىستىقبالغا ئىگە بولالايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟

ئىسلاھات روھى مۇقامنى قانداق ئۇستۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش يولىنى كۆرسىتىپ، ئەمەتجانغا ئەقىل - چارە ئۆگەتتى. مۇقامنىڭ ئەسلىنى ساقلاپ قېلىش، تەرتىپىنى بۇزماسلىق، مېلودىيىسىنى ئۆزگەرتمەسلىك شەرتى ئاستىدا، ئورۇنداش شەكلى ئىسلاھ قىلىنىپ، بۇرۇنقى ساتار، داپ بىلەنلا ئورۇندىلىپ كەلگەن ھالەت ئۆزگەرتىلىپ، مۇقامنى ئورۇنداشتا ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ ھەممىسى تولۇق قوللىنىلدى. ئۇندىن باشقا، ناخشا بىلەن ئۇسسۇلنى ماسلاشتۇرۇشتەك ھازىرقى زامان ناخشا - ئۇسسۇل شەكلى ئىجادىي قوللىنىلدى. نەتىجىدە، «چەبىيات مۇقامى»غا بەلگىلىك يېڭىلىق كىرگۈزۈلۈپ، ئۇنىڭ ئاھاڭ قۇرۇلمىسى ۋە تەرتىپى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بۇ جەرياندا ئەمەتجان يېڭىلىق يارىتىش روھىدا چىڭ تۇرۇپ، كۆپچىلىكنى دادىل يېتەكلىدى ھەمدە ئۆزى مۇزىكىغا رېژىسسورلۇق قىلدى. «چەبىيات مۇقامى» 1986 - يىلى 12 - ئايدا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەخسۇس مۇقام تېما قىلىنغان «جۇڭخۇا ئاۋازى» ناملىق 4 - نۆۋەتلىك مۇزىكا كۆرىكىدە ئورۇندىلىپ، پايتەختتىكى ئالاقىدار رەھبەرلەر ۋە مۇزىكا ساھەسىدىكى ئەربابلارنىڭ يۈكسەك باھاسىغا ئېرىشتى. كىشىنى تېخىمۇ خۇشال قىلىدىغىنى شۇكى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى گاۋ جەنشياڭ مۇقامنى ئىسلاھ قىلىش يولىدا تاشلانغان بۇ قەدەمنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بەردى. ئۇ مۇنداق دېدى: «سىلەرنىڭ بۇ مۇۋەپپەقىيەتلىرىڭلار يۇقىرى قىممەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مىللىتىمىزنىڭ ھازىرقى مىللىي مۇزىكىسى مىللىي ئۇسسۇل سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ناھايىتى ياخشى تەجرىبە بىلەن تەمىنلىدى، سىلەر مىللىي سەنئەتنى قېزىش، رەتلەش ۋە ئۇستۇرۇش جەھەتتە ناھايىتى ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتىڭلار».

ئەمەلىيەت مۇقامنى ئىسلاھ قىلىش يولىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. «چەبىيات مۇقامى» 1987 - يىلى 7 - ئايدا لوندوندا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا ئەنئەنىۋى مۇزىكا بايرىمىدا ئىككى قېتىم ئورۇندىلىپ، تاماشىبىنلارنى ھەيران قالدۇردى ۋە ئۇلارنىڭ يۈكسەك باھاسىغا ئېرىشتى، ئىسلاھات مۇقامنىڭ تەرەققىيات يولىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتتى. ھازىرغىچە «چەبىيات مۇقامى» نى ئۈلگە قىلىپ تۇرۇپ پەنجىگاھ، مۇشاۋرەك، ناۋا، ئۆزھال، ئۇشاق، ئەجەم، راك مۇقاملىرى يېڭىدىن تەييارلاندى. «چەبىيات مۇقامى» يېقىندا شياڭگاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن 4 - نۆۋەتلىك ئاسىيا سەنئەت بايرىمىغا قاتناشتۇرۇلۇپ، كىشىلەرنىڭ زور ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى.

مۇقامنىڭ تەرەققىياتىدىكى بۇ ئىلگىرىلەش ۋە نەتىجىلەر ئەمەتجاننى تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، مۇقامنىڭ تېخىمۇ گۈللىنىشى ئۈچۈن، بۈگۈنكى دۇنيانىڭ يېڭى، يۈكسەك تەرەققىيات سەۋىيىسىگە يېتىشىۋېلىشقا ئىلھام بەردى. مۇقامغا ئاشۇ نۇقتىنەزەر بىلەن تەلەپ قويۇشقا ئۈندىدى. يولداش ئەمەتجان مۇقام تەتقىقاتىدا يېڭى پەللىگە قەدەم قويۇپ، دۇنياغا يۈزلەنمەكتە. ئۇ بۇ قېتىمقى شياڭگاڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئاسىيا سەنئەت بايرىمىغا ئاتاپ يېزىلغان «جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مۇزىكىلىق شەكلى» دېگەن ئىلمىي ماقالىنى تەييارلىدى.

ئەمەتجان ئەھمىدى 1986 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا خادىمى بولۇپ باھالىنىپ شەرەپ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇ ھازىر جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر مۇزىكا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو قەدىمكى مۇزىكا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى.

# باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ئاپتونومىيە

جاڭ پىڭ

مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا باراۋەرلىك ئاساسىدا بىرلىشىشى ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ پرىنسىپى. يەنى ھەرقايسى مىللەتلەر ھەممە ھوقۇقتا باراۋەر بولغان ئاساستىلا، ئاندىن ئۆز ئىختىيارى بىلەن بىرلىشەلەيدۇ ۋە ئىتتىپاقلىشالايدۇ. باراۋەرلىك — ئاساس ھەم شەرت. مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى بولمىسا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقمۇ بولمايدۇ. بۇنىڭدىن 32 يىل ئىلگىرى دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى يولداش لى ۋېيخەن: «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە — دۆلىتىمىزنىڭ خەلق دېموكراتىيىسى تۈزۈمى شارائىتىدىكى مىللەتلەر باراۋەرلىكىنىڭ ئاساسىي ئالامىتى، مىللىي زۇلۇم تۈزۈمى بىكار قىلىنغاندىن كېيىن، مىللەتلەر باراۋەرلىكىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئاساسىي مەزمۇنى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئاپتونوم جايلىرىنىڭ ئىشلىرىغا ئۆزى خوجا بولۇشنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت بولىدۇ» دېگەنىدى. دەل مۇشۇنداق بولغانلىقى سەۋەبلىك، بۈگۈنكى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا ئۆزلىرىگە بەرگەن ھوقۇقلىرىنى يۈرگۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلىپ، مىللىي ئاپتونوم جايلارنىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشىنى شۇ جايلارنىڭ ئەھۋالىغا ۋە شۇ جايلاردىكى مىللەتلەرنىڭ ئارزۇسىغا تېخىمۇ مۇۋاپىقلاشتۇرۇش — مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ تۈپ يولى. شۇنىڭدەك مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنىڭمۇ تۈپ تەدبىرى. 1980 - يىلى يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «مىللەتلەرنى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى ھەقىقىي يولغا قويۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم» دېگەنىدى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە — دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي ھاياتىنى دېموكراتىيىلەشتۈرۈشنىڭ ئاساسىي ئالامەتلىرىدىن بىرى، ئۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى خەنزۇلار ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە مىللەتلەر چوڭ ئائىلىسىگە ئۇيۇشۇشنى خالايدىغان قىلىدۇ. ئۇ ھەرقايسى مىللەتلەرنى ئىجتىمائىي ئاساستا بىرلىككە كەلگەن دۆلەت بولۇپ ئۇيۇشتۇرۇشنىڭ سىياسىي ئاساسى. مېنىڭچە، بۇ سۆز تولىمۇ سەمىمىي ئېيتىلغان بولۇپ، خەنزۇلار ئۈچۈنمۇ، قېرىنداش مىللەتلەر ئۈچۈنمۇ زور تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىنىڭ دېموكراتىيىلەشكەنلىكىنىڭ ئاساسىي ئالامەتلىرىدىن بىرى بولغان ئىكەن، ئۇ ھالدا، بىزنىڭ يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇشىمىز ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشى ۋە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەلۋەتتە.

## باراۋەرلىك ۋە قانۇن

## مىللىي مەسىلىنى تەتقىق قىلىش مەركىزى قۇرۇلدى

بىر يىلدىن كۆپرەك تەييارلىق خىزمىتى ئىشلەش ئارقىلىق ئۆتكەن يىل 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مىللىي مەسىلىنى تەتقىق قىلىش مەركىزى بېيجىڭدا قۇرۇلدى. تەتقىقات مەركىزىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى — پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي خىزمەت توغرىسىدىكى قارارىنى دېموكراتىيىلەشتۈرۈش ۋە ئىلمىيلاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتۇر.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بەنچەن ئېردەنى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمايىل ئەمەت ۋە باشقا رەھبىرىي يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا يولداش ئىسمايىل ئەمەت مۇھىم سۆز قىلدى.

تەتقىقات مەركىزىدە باش ئىش بېجىرگۈچى قويۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش جاۋ يەننەن باش ئىش بېجىرگۈچىلىككە تەيىنلەندى.

## ئاپتونومىيە ئەڭ بۇرۇن يولغا قويۇلغان رايون

ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى 1947 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قۇرۇلغان بولۇپ، ئېلىمىز بويىچە مىللىي ئاپتونومىيىنى ئەڭ بالدۇر يولغا قويغان رايون ھېسابلىنىدۇ. 1947 ـ يىلى شەرقىي شىمالنىڭ غەربىي قىسمى ۋە يۇرۇنقى رېخې، چاخار ئۆلكىلىرىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئازاد رايونلاردىكى موڭغۇل ئاھالىسى ئولتۇراقلاشقان جايلار ئاساس قىلىنىپ ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغان. 1954 ـ يىلدىن 1956 ـ يىلغىچە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، بۇرۇنقى سۈييۈەن ئۆلكىسى ۋە نىڭشيا ئۆلكىسىنىڭ بىر قىسىم يەرلىرى ھەم گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ قارىمىقىدىكى ئالاشەن ۋە ئېجىنېي خوشۇنلىرى مەزكۇر رايونغا قوشۇۋېتىلگەن. ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاھالىسى ئىچىدە موڭغۇلدىن باشقا خەنزۇ، مانجۇ، خۇيزۇ، چاۋشيەن، داغۇر، ئېۋېنكى، ئېلۇنچۇن قاتارلىق مىللەتلەر بار. 1982 ـ يىلى ئېلىنغان ستاتىستىكىغا قارىغاندا، بۇ رايوننىڭ ئاھالىسى 19 مىليون 274 مىڭدىن ئارتۇق.

## بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت

«بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» ئېلىمىزدىكى مۇھىم بەش خىل تىلنىڭ سېلىشتۇرما لۇغىتى بولۇپ، 1795 ـ يىلى تۈزۈلگەن. ئەينى ۋاقىتتا مانجۇ تىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ دۆلەت تىلى بولغاچقا، لۇغەت مانجۇچە سۆزلۈكلەرنى ئاساس قىلىپ، مانجۇچە، زاڭزۇچە، موڭغۇلچە، ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچىدىن ئىبارەت بەش خىل تىل تەرتىپى بويىچە تۈزۈلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە زاڭزۇچىنىڭ ئاستىغا مانجۇ يېزىقى بىلەن ئىككى خىل ترانسكرىپسىيە بېرىلىپ، زاڭزۇچە سۆزلۈكلەرنىڭ ئوقۇلۇشى كۆرسىتىلگەن. ئۇيغۇرچىنىڭ ئاستىغىمۇ مانجۇ يېزىقى بىلەن ترانسكرىپسىيە بېرىلىپ، ئۇيغۇرچە سۆزلۈكلەرنىڭ ئوقۇلۇشى ئىپادىلەنگەن. موڭغۇلچە، خەنزۇچە سۆزلۈكلەرگە ترانسكرىپسىيە بېرىلمىگەن. بۇ لۇغەتنىڭ قول يازما نۇسخىسى ئالتە جىلد، 36 قىسىم، 2563 بەتتىن تەركىب تاپقان. كىتاب «شىنۇەنزى»ناملىق ئېسىل قەغەزگە يۇڭ قەلەمدە قارا سىيا بىلەن پۈتۈلگەن. سېرىق تاۋار بىلەن تاشلانغان. ئۇ 18 مىڭ 676 سۆزلۈكتىن تۈزۈلگەن.

(مۇھەممەت تۇرسۇن تەرجىمىسى)

## مۇنداق قىلىش زىيانلىق

ئادەتتە بەزى قىزلار ۋە ئاياللار قەلەمقاش بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ، يات ـ يات ئۈزلىرىنىڭ

«كۆڭۈلگە ياقمايدىغان» قاشلىرىنى تېرىيدۇ. بۇ، ئىنتايىن يامان ئادەت. چۈنكى قاش كۆزنى تەر كىرىپ كېتىشتىن ساقلايدۇ. دائىم قاشنى تېرىۋەرسە، قاشنىڭ بۇ قابىلىيىتى ئاجىزلاپ كېتىدۇ-دە، تەر تەركىبىدىكى ئاچچىق ماددا كۆزنى غىدىقلاپ، كۆز پەردىسى ياللۇغىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. ئۇندىن باشقا، كۆز چانىقىنىڭ ئەتراپىغا نېرۋا تالالىرى ۋە تومۇرلار زىچ جايلاشقان بولۇپ، قاش تەرگەندە ئۇلاردا ناچار غىدىقلىنىش كېلىپ چىقىپ، كۆزنىڭ نەرسىلەرنى تۇتۇق كۆرۈشىنى ۋە كۆزنىڭ ياشاڭغىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

## جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقاتى جەمئىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى

جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقاتى جەمئىيىتىنىڭ 5 - قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى، ئۆتكەن يىل 9 - ئايدا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭ، گەنسۇ، چىڭخەي، بېيجىڭ قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن ھەر مىللەت تۈركىي تىل مۇتەخەسسىسلىرى ۋە ئالىملىرى بولۇپ 60 تىن ئارتۇق كىشى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا 30 دىن ئارتۇق كىشى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايوندا بىر نەچچە يىلدىن بۇيانقى مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن، ئىلمىي تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئاساس مەزمۇن قىلىنغان ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئوقۇپ ئۆتتى. يىغىندا ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكى ماتېرىياللارنى ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىدا بىر تەرەپ قىلىشتىن ئۈلگە قىلىپ كۆرسىتىلىپ يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ زور قىزىقىشىنى قوزغىدى. بەزى يولداشلار ئۇيغۇرلارنىڭ فامىلە مەسىلىسىنى ھەل قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ، يىغىنغا قاتناشقانلارنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى.

(ئۆز مۇخبىرىمىز دەكەن خەۋىرى)

## قىزىقارلىق بىر ئىش

جياڭسۇ ئۆلكىسى جىنخۇ ناھىيىسىدە پۈتۈن ياڭجۇ ۋىلايىتىنى زىلزىلىگە سالغان ئاجايىپ بىر ۋەقە يۈز بەرگەن، بىر كۈنى ئۇزاقتىن بۇيان ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان بىر مومايىنىڭ ئۇيۇقسىز نەپىسى ۋە يۈرەك ھەرىكىتى توختاپ قالغان. ئائىلىسىدىكىلەر ئىنتايىن قايغۇرغان ھالدا ئۇنى شۇ كۈنىلا يەرلىككە قويۇۋەتكەن. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى قەبرە بېشىدا قەغەز كۆيدۈرۈۋاتقاندا، تاپىنىڭ يىغلاۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالغان، ئاكا - ئۇكا ئىككىسى قاتتىق قورقۇپ كېتىپ، ئالدىراپ - تېنەپ كەتكەچكە بىرىپ يۇرتداشلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش دۈيىنىڭ باشلىقىغا ئەھۋالنى ئېيتقاندىن كېيىن، قاتۇن دوختۇرى نەق مەيدانغا بېرىپ جەسەت ساندۇقىنى ئېچىپ «جەسەت»نى تەكشۈرۈپ، مومايىنىڭ ھەقىقەتەن تىرىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئاكا - ئۇكا ئىككىسى خۇشال - خۇرام ھالدا مومايىنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىشكەن. ئەسلىدە بۇ موماي جان ئۈزمىگەن بولۇپ، ئۇزاق مەزگىل كېسەل دەردىنى تارتقاچقا، ئۇنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئىقتىدارى ئىنتايىن ئاجىزلاپ كەتكەن. شۇ چاغدا گەرچە ئۇنىڭ نەپەس ئېلىشى، يۈرىكىنىڭ سوقۇشى، قان بېسىمى، تومۇر سوقۇشى قاتارلىقلارنى پەرق ئەتكىلى بولمىسىمۇ، بىراق ئۇنىڭدا يەنىلا ئاجىز ھاياتلىق پائالىيىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. بۇ مېدىتسىنادا «يالغان ئۆلۈش» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق يالغان ئۆلگەن كىشىلەر قايتا تىرىلەلەيدۇ. ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان بىر مۇنچە كىشىلەر بۇنداق ئەھۋالنى جىن - ئالۋاستىلارنىڭ ئويۇنى دەپ قارايدۇ.

(روشەن تەرجىمىسى)

# روناق تېپىش ئۈچۈن كۆز قاراشنى يېڭىلاش كېرەك

تەھرىر ئىلاۋىسى: ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشى مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئۈچۈن چوڭ تاسقاش بولماقتا. ئاددىيراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئىسلاھات. ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى ئىلغىماقتا. دېمەك بىر قىسىم ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئىسلاھات جەريانىدا سۇسلىشىدۇ. يوقىلىدۇ ياكى ئۆزگەرتىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتمۇ ئىسلاھاتنى (ئۆزگەرتىپ قۇرۇشنى) ئىلغىماقتا. ئەگەر ئۆزگەرتىپ قۇرۇش يولى مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە خىلاپ كېلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا، ئۆزگەرتىپ قۇرۇشمۇ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئالدىدا بەربات بولۇشمۇ مۇمكىن. بىراق، ئىنسانىيەتنىڭ زامانىۋىلىشىشقا قاراپ مېڭىشى تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشى. تۆۋەندە مۇشتەرىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ژۇرنىلىمىز ئۆتكەن يىل ئۆتكۈزگەن بىر قېتىملىق سۆھبەت يىغىنىنىڭ خاتىرىسىنى رەتلەپ ئېلان قىلدۇق. بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ جەھەتتىكى ماقالىلەرنى داۋاملىق ئېلان قىلماقچى. شۇڭا كەڭ كىتابخانلارنىڭ بۇ مەسىلەرنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ بېقىشىنى ۋە پائال تۈردە ماقالە ئەۋەتىپ تۇرۇشىنى قارشى ئالىمىز.

«مىللىي ئەنئەنە ۋە ئىسلاھات» دېگەن بۇ تېما ناھايىتى يېڭىچە ئىكەن. مەملىكەت بويىچە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. ھەممە شەيئىدە ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ. مىللىي ئەنئەنىمۇ ئۆزگىرىۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە.

خەنزۇلارمۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشى لازىم. ئىسلاھات تىلغا ئېلىنسىلا، ئىسلاھات ئاز سانلىق مىللەتلەرگىلا قارىتىلغان، دېگەندەك تونۇشتا بولماسلىق كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدە تۇرغۇن ئېسىل نەرسىلەر بار. ئالايلۇق، ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ھەرپلىرى بىر - بىرىگە ئۇلاپ يېزىلىدىغان يېزىق. ئۇ خەنزۇلارنىڭ چاسا يېزىقىدىن كۆپ ئىلغار. مىللىي ئەنئەنىۋىدىكى بەزى ناچار نەرسىلەرنى ھەدېسىلا ئەيىبلەۋەرمەسلىك لازىم. ئەيىبلەۋەرگەندە، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسىنى بىزار قىلىپ قويىمىز. بەزى خەنزۇ كادىرلارنىڭ نىيىتى توغرا، ئەمما ئۇلار غەرەزىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلىغا دىققەت قىلمايدۇ-دە، ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە ئاقىۋەت پەيدا قىلىپ قويىدۇ. بۇ، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئىش.

مەركىزىي مىللەتلەر تىل - يېزىق تەرجىمە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: قەييۇم ۋاھىدى

بىرەر مىللەتنىڭ ئەنئەنىسى شۇ مىللەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئورتاق ئىقتىسادىي ھايات مىللىي ئەنئەنە شەكىللىنىشىنىڭ بىر چوڭ ئامىلى. خۇيزۇلارنى ئالايلۇق، ئۇلار ئۇزاقتىن بۇيان ئۇششاق سودا - سېتىقنى ئاساسىي ئىقتىسادىي پائالىيەت قىلىپ كەلگەن. دېمەك، خۇيزۇلارنىڭ تاۋار ئىگىلىكىنى ئوڭاي قوبۇل قىلىدىغان بىر تەرىپى بار. ۋەھالەنكى، خۇيزۇلارنىڭ تاۋار ئىگىلىكى كۆز قارىشى مەھسۇلات ئىگىلىكىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىلا توختاپ قالغان. يەنى ئۇلار ئېلىش - سېتىش ياكى سېتىش - ئېلىشنىلا بىلىدۇ. تاپقان پۇلىنىڭ بىر قىسمىنى ئېھتىيات ئۈچۈن قالدۇرۇپ قويمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىش



ئارزۇسى كەمچىل. مۇنداق مىللىي روھىي ھالەت بۇرۇننىڭ تۈچىنلا كۆرۈلۈش، يىراقنى كۆرمەسلىكتە ئەكس ئېتىدۇ. مەسىلەن: مەلۇم بىر يەككە تىجارەتچى ئوقۇتقۇچىغا: «بالامغا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگىچىلا قاراپ قويسىڭىز بولدى» دېگەن. ئۇ: ئوقۇتقۇچى دېگەن 30 يىل ئىشلىسە، ئېيىغا ئاران 80 يۈەنچە مائاش ئالىدىكەن. مەن بىر كۈنلا ئىشلەپ قويسام ئۇن كويلۇق تېزا دېگەندىن بىر نەچچىنى تاپىمەن، دەپ ئويلىغان-دە، بالىسىغا خەت تونۇيالىساڭ، ھېسابات قىلىشنى بىلسەڭلا بولدى دېگەن. مانا بۇ كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنى دەپ، يىراقنى كۆزلىمىگەنلىكنىڭ ئىپادىسى. شۇڭا، ئىسلاھات ئېلىپ بارغاندا ھەممىدىن ئاۋۋال كۆز قاراشنى ۋە پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى يېڭىلاش لازىم. شۇنداق قىلغاندا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ.

— تيەنجىن شەھەرلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى: خا شياۋمىڭ (خۇيزۇ)

جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ھەممىسى جۇڭگونىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشقان. ئۇزاق تارىخىي جەرياندا ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزىگە خاس مىللىي ئەنئەنە ياراتقان. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ساقلاپ قېلىشقا تېگىشلىك ئورغۇن ياخشى ئەنئەنىلىرى بار. مەملىكەت بويىچە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ۋەزىيەتتە، ئاز سانلىق مىللەتلەر قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ مىللىي ئەنئەنىنى ئىسلاھ قىلىش كېرەكمۇ - يوق؟ بۇ مەسىلىدە ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەشكە بولمايدۇ. ئەھۋالغا قاراپ پەرقلىق مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم. ئىسلاھ قىلىش - قىلماسلىقنى شۇ مىللەتنىڭ ئۆزى، شۇ دىندىكىلەرنىڭ ئۆزى بەلگىلىشى لازىم. ئالايلۇق، مۇسۇلمانلار چوشقا گۆشىنى ھارام دەپ يېمەيدۇ، بۇ ئادەتنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى بۇ ئادەت مىللەتنىڭ گۈللىنىشىگە توسقۇنلۇق قىلمايدۇ. ئەمدى 1958 - يىلدىكىگە ئوخشاش «مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى»، «قوشۇۋېتىش شامىلى»نى چىقىرىشقا بولمايدۇ. شۇ چاغلاردا بەزى جايلاردا مۇسۇلمانلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتىشكە زورلايدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلگەنىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» - دىمۇ مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرىنى زورمۇزور ئۆزگەرتىش ئىلغارلىق بىلەن قالاقلىقنىڭ ئۆلچىمى دەپ قارالدى. بۇ جەھەتتىكى ساۋاقنى ئەستىن چىقارماسلىق لازىم.

— شاڭخەي شەھەرلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: خا باۋشىن (خۇيزۇ)

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش — تارىخىي يۈزلىنىش. شۇڭا، سىياسىي، ئىقتىساد، كىشىلەر مۇناسىۋىتى. مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ۋە رەھبەرلىك ئۇسۇلى، خىزمەت ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى ئىسلاھات ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش. ئىسلاھ قىلىش لازىم. مىللەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، كونا ئەنئەنىۋى قاراشلارنى ئۆزگەرتمەي بولمايدۇ.

ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى سودىگەرچىلىك ۋە ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ھۈنەر - سەنئىتى بىر قەدەر كونا، تېخنىكىسى قالاق. كۆپ يىللاردىن بۇيان ھېچقانچە يېڭىلانمىدى. بەزىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسى تار، ئۇلار ھازىرقى ھالەتتىن قانائەتلىنىپ قالغان. ئۇلارنىڭ ئالغا ئىنتىلىش ئارزۇسى كۈچلۈك ئەمەس. ئۇلار قەدىر ئەھۋال ئۆتسەك بولار دەپ قاراپ، بېيىشقا ئىنتىلمەيدۇ. تەلىم - تەربىيە ئېلىشقىمۇ ئانچە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. رىقابەتلىشىشتىن قورقىدۇ. ئۆزىنى - ئۆزى مەنسىتمەيدۇ. بۇنداق روھىي ھالەت بىلەن ھازىرقى ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇنلىشىش بەكمۇ قىيىنغا چۈشىدۇ. مىللەتلەر خىزمىتىدە مۇشۇ مەسىلىلەرنى تىرىشىپ ھەل قىلىش لازىم.

— خېنەن ئۆلكىلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى: ما يىڭجۇ (خۇيزۇ)

# قېرىنداش مىللەتلەر ئالىي مائارىپىنىڭ يېڭى تەرەققىياتى

ۋاڭ تيېجۈ

قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئالىي مائارىپى — ئېلىمىز ئالىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالىي مائارىپ ئىشلىرىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچى جەھەتتىن مىللىي رايونلارنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى. ئالايلۇق: مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ بەردى، ئەسۋاب - ئۈسكۈنە ياردەم قىلدى، ئوقۇتقۇچىلارنى چېگرا رايونلارغا ياردەم بېرىشكە ئۇيۇشتۇردى، ئىچكى ئۆلكىلەردىكىلەرنى مىللىي رايونلاردىكى ئالىي مەكتەپلەر بىلەن ھەمكارلىششقا ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئورۇنلاشتۇردى. فاڭجېن - سىياسەت جەھەتتە مىللىي ئاپتونومىيىلىك ئورگانلارغا مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش ھوقۇقى بەردى. دۆلەتنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، مىللىي رايونلارنىڭ ئالىي مائارىپ ئىشلىرى خېلى تېز راۋاجلاندى. مەلۇماتقا قارىغاندا، مەملىكەت بويىچە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا ھەر خىل ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 91 گە، ئوقۇغۇچىسى 115 مىڭ 582 گە، ئاز سانلىق مىللەت كەسپىي ئوقۇتقۇچىلىرى 23 مىڭ 289 غا يەتكەن.

مىللەتلەر شۆيۈەنلىرى — پارتىيە ۋە دۆلەت مەملىكەت ئىچىدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش يۈزىسىدىن ئاچقان، مەخسۇس ئاز سانلىق مىللەت ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەيدىغان ئۇنىۋېرسال ئالىي مەكتەپ بولۇپ، ھازىرغىچە بۇ مەكتەپلەردە 139 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈردى. مىللىي رايونلاردا تۈزۈمنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، مىللەتلەر شۆيۈەنلىرى ئوقۇتۇش فاڭجېنى، ۋەزىپىسى ۋە كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، تەبىئىي پەن، سانائەت پەنلىرى، يېزا ئىگىلىك پەنلىرى، تىبابەتچىلىك، مالىيە - ئىقتىساد، سىياسىي-قانۇن كەسپىي قاتارلىق كەسپلەرنى كۆپەيتتى، دوكتور تەربىيىلەيدىغان ئۈچ كەسىپ نۇقتىسى، ماگىستىر تەربىيىلەيدىغان ئۈچ كەسىپ نۇقتىسى تەسىس قىلىندى.

ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيىلەش يۈزىسىدىن، دۆلەت مائارىپ كومىتېتىغا قاراشلىق بېيجىڭ داشۆ، چىڭخۇا داشۆ قاتارلىق ئون ئالىي مەكتەپ ۋە سەھىيە مىنىستىرلىكىگە قاراشلىق بېيجىڭ تىببىي پەنلەر داشۆسى، بېيجىڭ جۇڭيى شۆيۈەنى قاتارلىق بەش ئالىي مەكتەپ ۋە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق - بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى، ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكى، ھاۋارايى باش ئىدارىسى، يېنىك سانائەت مىنىستىرلىكى، سۇ - ئېلېكتر مىنىستىرلىكى، گېئولوگىيە مىنىستىرلىكى، پوچتا - تېلېگراف مىنىستىرلىكى، ئەدلىيە مىنىستىرلىكى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى تەۋەسىدىكى



مەركەزگە قاراشلىق ئالىي مەكتەپلەر ئاز سانلىق مىللەتلەر سىنىپى ياكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تەييارلىق سىنىپى ئاچتى. تەييارلىق سىنىپلىرىغا 3869 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، بۇ ئوقۇغۇچىلار بىر يىلدىن ئىككى يىلغىچە تەييارلىق سىنىپىدا ئوقۇغاندىن كېيىن، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تولۇق كۇرسى ياكى مەخسۇس كۇرسلىرىدا ئوقۇدى. بۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى تېزلىتىشتە ناھايىتى چوڭ رول ئوينىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا تاللاش نومۇر چېكىنى مۇۋاپىق تۆۋەنلىتىش، ئۇلارنى ئاۋۋال تاللاپ قوبۇل قىلىش سىياسىتى يولغا قويۇلغانلىقتىن، ئاز سانلىق مىللەت پەرزەنتلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىپ بىلىم ئاشۇرۇش پۇرسىتى كۆپەيدى. 1986 - يىلى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردە 99 مىڭ 468 مىللىي ئوقۇغۇچى ھەر خىل كەسىپلەردە ئوقۇدى. بۇ، مەملىكەت بويىچە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئومۇمىي ئوقۇغۇچىنىڭ 5.3 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. دېمەك، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار نىسبىتى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسى ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتىگە پەيدىنپەي يېقىنلاشماقتا. ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن نىشانلىق قوبۇل قىلىش، نىشانلىق تەقسىم قىلىش سىياسىتىگە ئاساسەن، چەت - ياقا چېگرا رايونلارغا قايتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى يۇرتىنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تەقدىم قىلماقتا.

ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇزاق تارىخقا، مەدەنىيەتكە ۋە ئەنئەنىگە ئىگە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئېسىل تارىخىي ۋە مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش مىللىي رايونلارنىڭ ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھازىر ئېلىمىزدە مۇستەقىل مىللىي تىببىي شۆبىلەر، مىللىي سەنئەت شۆبىلىرى قۇرۇلغاندىن باشقا، ئالىي مەكتەپلەردە يەنە مىللەتشۇناسلىق، مىللەت نەزەرىيىسى، مىللەتلەر تارىخى، مىللىي سەنئەت، مىللىي ئىقتىساد، مىللىي تىبابەتچىلىك قاتارلىق كەسىپلەرمۇ تەسىس قىلىندى، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تېزرەك ئىگىلىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، مىللىي ئالىي مەكتەپلەر يەنە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل - يېزىقىنى قوللىنىش، راۋاجلاندۇرۇش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىپ، موڭغۇل، زاڭزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، چاۋشيەن، جۇاڭزۇ، يىزۇ، ۋازۇ، جىڭپوزۇ، لاگۇزۇ، مياۋزۇ، ياۋزۇ، بويىزۇ، دۇڭزۇ، لىزۇ، گاۋشەنزۇ، خانىزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تىلىنى تەتقىق قىلىدىغان مەخسۇس سىنىپلارنى ئاچتى. شىنجاڭ، ئىچكى موڭغۇل، چىڭخەيلەردىكى قىسمەن ئالىي مەكتەپلەر ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، مالىيە - سودا كەسىپلىرىدە دەرسنى مىللىي تىلدا ئۆتۈشنى يولغا قويدى. دۆلەت مىللىي رايونلاردىكى مىللىي تىل - يېزىقتا دەرس ئۆتۈلىدىغان ئالىي مەكتەپلەر ياكى كەسىپلەرگە ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلار مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ئېلىنىدىغان ئىمتىھانغا قاتناشمىسىمۇ بولىدۇ؛ ئىمتىھان سوئاللىرىنى ئاپتونوم رايونلار ئۆزى چىقارسا ۋە ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزى تاللاپ قوبۇل قىلسا بولىدۇ؛ مىللىي تىل - يېزىقتا دەرس ئۆتۈلىدىغان مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار خەنزۇ تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدىغان ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بەرمەكچى بولسا، ئۆز تىل - يېزىقىدا ئىمتىھان بەرسە بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. مۇشۇ تەدبىرلەر ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پەن - مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولدى..

# ئەنئەنىۋى بايرام — نورۇز توغرىسىدا پاراڭ

ياسىن قاسىم

نورۇز بايرىمى — ئۇيغۇر خەلقى جۈملىدىن تۈركىي خەلقلەرنىڭ ھەر يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزىدىغان كاتتا ئەنئەنىۋى بايرىمى بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن ئىلگىرى شەكىللەنگەن، ئىسلام ئىستىلاسىدىن كېيىنمۇ ئۈزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن بايرام. كېيىنكى دەۋرلەردە ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ زوراۋانلىقى، شۇنداقلا ھەر خىل ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، نورۇز بايرىمى ئاساسلىق بايرام بولۇشتىن قالغان بولسىمۇ، مەدەنىيەتكە باي ئۇيغۇر خەلقى، جۈملىدىن تۈركىي خەلقلىرى ئۆزلىرىنىڭ بۇ بايرىمىنى ھازىرغىچە ھەر خىل شەكىللەر بىلەن داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە.

نورۇز يېتىپ كېلىشى بىلەن «نورۇز ئېشى»، «نورۇز چېيى»، «نورۇزلۇق»، «ھەيت سالام»، مۇشائىرە كېچىلىكى، مەشرەپ، قوشاق قېتىش، بېيىت ئېيتىش، ئوقۇغۇچىلار نورۇز قوشاقلىرىنى ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىش ۋە ئۇنى تارقىتىش قاتارلىق شەكىللەردىن پايدىلىنىپ نورۇزنى تەبرىكلەيدۇ. نورۇزلۇق ئاياغلاشقاندا مېۋە، سامساق، جىگدە، سېرىقياغ، گۆش ۋە قوينىڭ كاللىسىنى قوشۇپ تاماق ئېتىپ، ھەممە كىشى تەڭ يېيىشىدۇ (بەزىدە بۇغداي كۆجىسى، ئوماچ قاتارلىقلارنىمۇ تەييارلاپ، نورۇز ئېشى قىلىپ يەيدۇ).

بەزى جايلار جەمئىيەتتىكى نوپۇزلۇق كىشىلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، «مىللىي قەھرىمانلار»نى، «ئۇلۇغلار»نى زىيارەت قىلىش، ئەجدادلىرىمىزنىڭ مازارلىرىنى تاۋاپ قىلىش قاتارلىق ھەر خىل پائالىيەتلەرنى كۆلىمى زور بولغان نورۇز بايرىمىنى تەبرىكلەش يىغىلىشلىرىغا بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بارىدۇ. ھەرقايسى يۇرتلاردىن كەلگەن پالۋان، چەۋەنداز، ئوغلاقچى، دارۋازچىلار، چاقپەلەك ماھىرلىرى، گۈلەڭگۈچ ماھىرلىرى، ئارغامچا ئويۇنى قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئويۇنلار ھەم باللار ئويۇنلىرىنى ئوينايدىغان ھەۋەسكارلارمۇ بۇ يىغىلىشنىڭ ئاساسىي قاتناشقۇچىلىرى سۈپىتىدە ئۆزلىرىنىڭ تالانتلىرىنى نامايەن قىلىدۇ. بۇ نورۇز بايرىمىنى ئۆتكۈزۈشنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان قائىدە - يوسۇنلىرى بولۇپ، يېزىلاردىكى ۋە تاغلىق جايلاردىكى دېھقان - چارۋىچىلار بۇ خىل قائىدە - يوسۇنلارنى ئەينەن ساقلاپ كەلمەكتە.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇندىن تەخمىنەن 3500 يىل ئىلگىرى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جەمشىت زامانىسىدا نورۇز بايرىمى ئۆتكۈزۈش مەۋجۇت ئىكەن. ئۇيغۇرلارنىڭ پارسچە يېزىلغان تارىخىي كىتابى «شەمسىل لۇغەت»نىڭ 312 - بېتىدە «نورۇزنى تەبرىكلەش يۇزىسىدىن ئەل ئىچىدە باخشى بىر ئۆرپ - ئادەت بولۇپ قويۇلغان بولۇپ، بۇنىڭدا ھەر خىل مەدەنىي مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن، ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىش، چېلىشىش، ئەلنەغمە



قاتارلىقلارغا ئوخشاش. بۇ كۈنلەردە زىندان (ھەپسە) دىكى مەھبۇسلارمۇ مەدەنىي مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشقا قويۇپ بېرىلىدۇ. قىزلار يېڭى كىيىملىرىنى كىيىپ گۈلەڭگۈچ ئوچۇشىدۇ. ئەر كىشىلەر ئوغلاق تارتىشىدۇ. قالۇن چېلىشىدۇ» دەپ يېزىلغان.

نورۇز بايرىمى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى باشقا مىللەت خەلقلىرىنىڭ تۇرمۇشىغىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. نۇرغۇن خەنزۇ تارىخچىلىرى ۋە يازغۇچى - شائىرلىرىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىغان. مەسىلەن: تاڭ دەۋرىنىڭ تارىخچىسى خۇيلىن «مۇزىكا تەزكىرىسى» دېگەن كىتابىدا نورۇز بايرىمىدا ئوينىلىدىغان ئۇسسۇللار ھەققىدە توختىلىپ: «تۆلپار ئۈستىدە ئوينىلىدىغان خۇنتو ئۇسسۇلى. سالما تاشلاش. باتۇداسمەن (ھايۋانلار قىياپىتىدىكى ئويۇن). گويزى (كۈچا) ئۇسسۇلى قاتارلىقلار ئوينىلاتتى. بۇنى يەرلىك تىلدا (سومۇز) ئويۇنى دەپ ئاتايتتى» دەپ يازغان. ئۇ يەنە «مۇشۇ خىل گىرىمچىلىك ئويۇنلىرى ئارقىلىق جىن - ئالۋاستىلار ھەيدىلىپ، خەلق بېشىغا كەلگەن ئاپەت قوغلىناتتى» دېگەن.

تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن تارىمشا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى نورۇز بايرىمى توغرىسىدا كۇچادا ھەر يىلنىڭ باشلانغان كۈنىدىن ئېتىبارەن بىر ھەپتە نورۇز بولىدىغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق يازغان.

ئۇيغۇر شائىرى سەنۇبەر شاھ بىنى ئەھمەت قەدىمكى زاماندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نورۇز قوشاقلىرىنى توپلاپ، 1922 - يىلى «نورۇزنامە»نى ئېلان قىلغان (ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ئەسلى نۇسخىسى ساقلانماقتا). بۇ «نورۇزنامە» ئەينى زامانلاردىكى نورۇزنى تەبرىكلەش پائالىيىتى توغرىسىدا بىزگە قىممەتلىك يازما ماتېرىيال قالدۇرۇپ كەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا نورۇز ھەققىدە يېزىلغان قوشاق، بېيىت ھەم نورۇزدا تۇغۇلغانلارغا «نورۇز» دەپ ئىسىم قويۇلغانلىقى بىزگە مەلۇم. ئەلۋەتتە.

نورۇز قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇر خەلقى، جۈملىدىن تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىۋى يېڭى يىل بايرىمى بولغاچقا، خەلقلەر بۇ خاسىيەتلىك بايرامنى قەدىمكى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىدىن بولغان ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ داغدۇغىلىق ئۆتكۈزەتتى.

نورۇز كۈنلىرىدە خەلق ھەرقايسى يۇرتلارنىڭ تاللىنىپ چىققان چېلىشچىلىرىنى سورۇن تۈزۈپ مەيداندا چېلىشقا سېلىپ، قاۋۇل يىگىتلەرنى پالۋانلىق مەيداندا سىنايدۇ. ئۇچقۇر ئات ئۈستىدىكى چەۋەندازلارنى بەيگىگە سېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى چەۋەنداز ھەم ئۇچقۇر ئاتلارنى تاللاپ چىقىدۇ. قىران بۈركۈتتەك قاماپ ئالىدىغان ئوغلاقچىلار ئوغلاق تارتىش مەيدانىدا ئوغلاق تارتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئات ئۈستىدىكى ئەقىل - پاراستىنى، جىسمانىي كۈچ - قۇۋۋىتىنى نامايەن قىلىدۇ. يىگىت - قىزلار چاقپىلەكتە كۆكتە ئۇچقان لاچىندەك پەرۋاز قىلىشىدۇ. چاقپىلەك ماھىرلىرى چاقپىلەك گۈلەڭگۈچىدە ئاجايىپ ماھارەتلەرنى كۆرسىتىپ، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بايرام مەزگىلىدە ئۆسمۈر - باللارمۇ ھەر خىل ئويۇنلىرىنى ئويناپ، نورۇز بايرىمىنى ئېخىمۇ قىزىتىۋېتىدۇ. خەلق ئۆزلىرىنىڭ بۇ داغدۇغىلىق كاتتا بايرىمىدا ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىدىن كېيىن مۇقام چېلىپ ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىپ، بەس - بەس بىلەن ئۈزۈنغا داۋاملاشقان تەنھەرىكەتنىڭ يۇكسەك بەدىئىيلىكىنى سەنئەت بىلەن ئىپادىلەپ بېرىدىغان «ساما» ئەلنەغمىسىگە چۈشۈپ، بۇ بايرامنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

دېمەك، ئۇيغۇر خەلقى، جۈملىدىن تۈركىي خەلقلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە نورۇز بايرىمىنى ئوخشىمىغان شەكىل ۋە ئۇسسۇللار بىلەن ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ.

# دۇنيادىكى ئۈچ ئالاھىدە مىللەت

چېن ۋېيگو

دۇنيادا خېلى نامى بار ئالاھىدە مىللەتتىن ئۈچى بار، ئۇلار: يەھۇدىلار، سىگانلار ۋە ھىندىئانلاردۇر. ھىندىئانلار شىمالىي ۋە جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدە ئولتۇراقلاشقان، يەھۇدىلار بىلەن سىگانلارنى بولسا دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردە ئۇچراتقىلى بولىدۇ. دۇنيانىڭ يېقىنقى زامان تارىخىغا قارايدىغان بولساق بۇ ئۈچ مىللەت كەمسىتىلىش ۋە خورلىنىشنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان.

يەھۇدىلار قەدىمكى زاماندا خېبرىئۇس دەپ ئاتالغان. ئۇلار مىسىر قۇلدارلىرىنىڭ زۇلۇمىغا چىدىماي، مىلادىدىن بۇرۇنقى 13 ـ ئەسىردە سىناي يېرىم ئارىلى ئارقىلىق پەلەستىنگە كېلىپ، شۇ جايدىكى كانانلارنى بويسۇندۇرغان ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ خېبرىئۇس خانلىقىنى قۇرغان، كېيىن ئىسرائىلىيە دۆلىتى ۋە يەھۇدىي دۆلىتى دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن.

يەھۇدىلار دۆلىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئارقا ـ ئارقىدىن بابىلىيون، ئاسسىرئانلار، پارسلار ۋە گرېكلارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراپ مۇستەقىللىقىنى يوقاتقان. تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 1 ـ ئەسىردە رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ بويسۇندۇرۇشى ئارقىسىدا يەھۇدىلار يۇرتىنى تاشلاپ، ياقا يۇرتلارغا تۇركۇم ـ تۇركۇملەپ سەرسان بولۇپ چىقىپ كەتكەن. دەسلەپتە ياۋروپا، غەربىي ئاسىياغا كۆچكەن يەھۇدىلار ئانچە بەك خورلۇققا ئۇچرىمىغان، لېكىن خىرىستىئان دىنىنىڭ گۈللىنىشى ئارقىسىدا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدا ئۆزگىرىش بولغان. خىرىستىئان دىنى جەمئىيىتى يەھۇدىلارنى ئەيسانىڭ ئۆلۈشىدە جاۋابكارلىقى بار دەپ قارىغان. 4 ـ ئەسىردە رىم ئىمپېرىيىسى خىرىستىئان دىنىنى ھۆكۈمەت دىنى دەپ قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، يەھۇدىي دىنىدا چىڭ تۇرۇپ كەلگەن يەھۇدىلارنى غەيرىي دىندىكىلەر دەپ قاراپ ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىشقا باشلىغان. كېيىن بۇنىڭغا ئىقتىسادىي جەھەتتىكى سەۋەب قوشۇلغان. يەنى يەھۇدىلارنىڭ ئۇزۇن ئۆتۈشى، ئالاقىلىشىشقا، ئۆزئارا يار ـ يۆلەك بولۇشقا ۋە بېيىشقا ماھىر بولۇشى تۈپەيلىدىن ئۇلار داۋالغۇپ تۇرغان ياۋروپا ۋە ئىسلام دۇنياسىدا مۇھىم خەلقئارا سودا ۋە رايون سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ، نۇرغۇنلىرى بېيىپ كەتكەن؛ خىرىستىئان دىنى جەمئىيىتى ئۆز مۇخلىسلىرىنىڭ جازانىخورلۇق قىلىشىنى چەكلىگەن، شۇ سەۋەبتىن، يەھۇدىلار ئومۇمیۈزلۈك خورلۇققا ئۇچرىغان، دىنىي جەمئىيەتتىن تارتىپ پادىشاھقىچە، شەھەر ئاھالىلىرىغىچە ھەممىيلەن يەھۇدىلارنى چەتكە قېقىشقا باشلىغان. مەسىلەن، 1492 ـ يىلى ئىسپانىيە پادىشاھلىقى ۋە دىنىي جەمئىيىتى «غەيرىي دىننى تازىلاش» باھانىسى بىلەن يەھۇدىلارغا زىيانكەشلىك قىلىپ، 200 مىڭ يەھۇدىنى قوغلاپ چىقارغان. 16 ـ ئەسىردە ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى ئىرقىي



ئايرىمىچىلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، يەھۇدىيلارنى بەلگىلەنگەن رايونغا قاماپ قويغان، ھەتتا ئۇلارنى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، مەھبۇسلار كىيىمنى كىيىشكە زورلىغان. بولۇپمۇ 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا گېرمانىيە فاشىستلىرى بارغانلا يېرىدە يەھۇدىيلارنى بولۇشىغا ئۆلتۈرۈپ قىلغان. مۇلچەرلىنىشچە، 6 مىليوندىن ئارتۇق يەھۇدىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

ھازىر دۇنيادا تەخمىنەن 15 مىليونچە يەھۇدى بار. بۇلار ئامېرىكا (6 مىليون)، ئىسرائىلىيە (3 مىليون)، سوۋېت ئىتتىپاقى (2 مىليون) دا ئەڭ كۆپ. ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ كۆپىنچىسى تىجارەت قىلىشقا ئۇستا. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بايلارمۇ ئاز ئەمەس، ماركس، ئېينىشتېين قاتارلىق مەشھۇر كىشىلەرمۇ يەھۇدى قان سىستېمىسىدىن.

سىگانلار ئەسلىدە ھىندىستاننىڭ ھازىرقى پەنجاپ شتاتى ئەتراپىدا ياشايدىغان كۆچمەن چارۋىچى قەبىلە بولۇپ، ياد قەبىلىلەرنىڭ بېسىپ كىرىشى تۈپەيلىدىن 9 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا سىرتقا كۆچۈشكە باشلىغان. ئاۋۋال تۈركىيىگە بارغان. 13 - ئەسىردە يەنە ئېقىپ ۋېنگرىيە، چېخوسلوۋاكىيە، پولشا قاتارلىق دۆلەتلەرگە بارغان.

سىگانلارمۇ يەھۇدىيلارغا ئوخشاش تارىختا بەختسىز ئۆتكەن مىللەت. 16 - ئەسىردە ئۇلار تۈركىيىدىن باشقا بارغانلا دۆلەتتە ئوغرى، قاراقچى، تۈركىيىنىڭ كېڭەيمىچىلىكى ئۈچۈن غالچىلىق قىلىدىغان پايلاقچىلار دەپ قارالغان. چېخوسلوۋاكىيە ۋە شۇ ئەتراپتىكى دۆلەتلەرنىڭ چېگرىسىغا دار ۋە قامچا ئاستىدا جان تالىشىۋاتقان سىگانلارنىڭ سۈرىتى سىزىلغان تاختاي ئورنىتىلىپ، «سىگانلار، ئەگەر چېگرىدىن كىرىدىكەنسەن، كۆرىدىغان كۈنۈڭ مۇشۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرۇلغان. 1745 - يىلى ئىسپانىيە سەرگەردان بولۇپ كەلگەن سىگانلار يېردەك ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ دەپ ئوچۇق جاكارلىغان. سىگانلار بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەنىلا كەمسىتىلىش ئوبيېكتى بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. ھەرقايسى دۆلەتلەر گەرچە بىر قىسىم سىگان مۇساپىرلارنى قوبۇل قىلىشقا قوشۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى ناھايىتى قاتتىق كونترول قىلىدۇ. سىگانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى 1977 - يىلى بىر مەخسۇس كومىتېت تەسىس قىلدى.

ھازىر دۇنيادا 2 مىليوندەك سىگان بولۇپ، كۆپ قىسمى ياۋروپانىڭ غەربىي جەنۇبىي ۋە ئوتتۇرا قىسمىدا تارقاق ئولتۇراقلاشقان. ئۇلار تەرەپ - تەرەپتە سەرگەردان بولۇپ يۈرىدۇ. مۇقىم كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىرى ناھايىتى ئاز. ئادەتتە قاداقچىلىق، رەمباللىق بىلەن تورمۇش كەچۈرىدۇ. ئېقىپ يۈرۈپ سودىگەرلىك قىلىدىغانلىرىمۇ بار. مۇقىم ئولتۇراقلاشقانلىرى ئائىلىۋى توقۇمىچىلىق، زەرگەرلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ھىندىئانلار ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئاھالىسى بولۇپ، ئۇزاق تارىخقا ۋە قەدىمكى مەدەنىيەتكە ئىگە مىللەت. ئۇلار تارىختا شانلىق مەدەنىيەت ياراتقان. كۆممىقوناق، چامغۇر، پەمىدۇر ۋە تاماكا قاتارلىق يېزا ئىگىلىك زىرائەتلىرىنى ھەممىدىن بۇرۇن ئۇلار ئۆستۈرگەن. بىراق 16 - ئەسىردە كولۇمبو يېڭى قۇرۇقلۇقنى «تاپقان»دىن كېيىن، ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرى ئارقا - ئارقىدىن بۇ مۇنبەت زېمىنغا كېلىپ، يەرلىك ھىندىئانلارنى دەھشەتلىك بۇلاڭ - تالاڭ ۋە قىرغىن قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ھىندىئانلار تېز ئازىيىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىمۇ تورغۇن ھالەتكە چۈشۈپ قالغان. ھازىر ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى دۇنيادىن ئايرىلغان ھالدا قەبىلە تۈرمۇشىدا ياشايدۇ. دۇنيادا ھازىر 35 مىليون ئەتراپىدا ھىندىئان بار بولۇپ، بۇلارنىڭ تەخمىنەن 1 مىليون 360 مىڭى ئامېرىكىدا ئولتۇراقلاشقان.

# ئىز

(نەسر)

دولقۇن تۇرەك

ئىز — تەبىئەت دۇنياسىدا ياشاۋاتقان جانلىقلار ۋە ھايات ئادەملەرنىڭ تۇپراق يۈزىگە قالدۇرغان ئاياغ ئىزناسى. راست، ئۇنىڭغۇ شۇنداق. لېكىن مەن دېمەكچى بولغان ئىز باشقىچە ئىز.

گەرچە يەر يۈزىگە چۈشكەن ئىز تۇرغۇن شەيئىلەر قالدۇرغان ئورتاق بىر شەكىل بولسىمۇ، ھايات مۇساپىسىدە ئۇنىڭ مۇكەممەللىكى، قىممىتى ئوخشاش بولمايدۇ. ئىز پەرقلىق بولىدۇ. ئادەملەرنىڭمۇ شۇنداق، ئەلۋەتتە.

جەمئىيەتتە بەزىلەرنىڭ قالدۇرغان ئىزى گويا قاشتېشىغا ئويۇلغان گۈزەل نەقىشتەك ئەبەدىي چاقناپ تۇرىدۇ، يەنە بەزىلەرنىڭ بولسا قۇمغا چۈشكەن ۋاقىتسىز ئىزدەك كۆمۈلۈپ كېتىدۇ.

ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئەرزىگۈدەك ئىش قىلىپ، تۆھپە يارىتىپ بېسىلغان ئىز ھەر قانداق دەھشەتلىك جۇدۇن - چاپقۇنلاردىمۇ كۆمۈلمەيدۇ. تىللاردا داستان بولۇپ، جاھان ئەھلىگە تارقىلىپ، ھېسابسىز قەلب ئاسمىنىدا قۇياشتەك نۇر چېچىپ كىشىلەرنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىپ تۇرىدۇ.

نامى - شۆھرىتى جاھانغا مەشھۇر تىلشۇناس، ئالىم مەھمۇت قەشقىرى پۈتۈن ئۆمرىدە تىرىشىپ ئىجاد قىلىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شانۇ-شەۋكىتىنى جاھانغا تونۇتۇش يولىدا، ھارماي - تالماي ئىزدىنىپ، نەچچە مىڭ چاقىرىم يول مېڭىپ، تۈگىمەس ئىز قالدۇرغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دېگەن ئەسەرنى يېزىپ، بىزگە تەقدىم قىلغان ئەمەسمۇ؟ شائىر، مۇتەپەككۇر، ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق ئالەمشۇمۇل مەزمۇنغا باي داستانىنى يېزىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شانلىق مەدەنىيەت تارىخىنى، پاساھەتلىك ئەقىل - پاراسىتىنى نامايەن قىلغان ئەمەسمۇ؟ مانا بۇلار كۆمۈلمەس ئىزلارنىڭ شاھىدى!

يەنە بەزىلەر باركى ئۇلارنىڭ ئىزى دېرەكسىز كۆمۈلۈپ يوقىلىدۇ. ئۇنداقلار تەييارتاپ، رەزىل مەختلۇقلار بولۇپ ئۆز خەلقىنى ئازراقمۇ ئويلاپمۇ قويمايدۇ. ئەكسىچە قاخشىتىدۇ، ئۆز نەپسى ئۈچۈن ھەممىنى ئۇنتۇيدۇ. ئۇلار خەلقنىڭ كەچۈرگىسىز رەقىبلىرى، ۋاپاسىز، ۋەيلۇن دوزاققا لايىق چۈپرەندىلەردۇر. ئۇلارنىڭ ئىزى كۆمۈلۈپ، «بەخت» تاجىسى نەپرەت بورىنىدا تۇزۇپ كېتىدۇ.

قەلەم خىتاب قىلىدۇ: دۇنياغا كۆز ئاچقان ئىكەنمىز، ھامان بىر كۈنى كۆز يۇمۇمىز. شۇڭا ياخشى نام بىلەن كەتكەيمىز. شۇنى ئېسىمىزدە ساقلىشىمىز كېرەككى، بىر دانا ئېيتقاندەك: ياخشى-يامانلىقنىڭ ئۆلچىمى — خەلققە، جەمئىيەتكە پايدىلىق ئىش قىلىش ياكى قىلماسلىق بىلەن بەلگىلىنىدۇ. خەلققە زىيانلىق ئىش قىلساڭ، خەلق ساڭا لەنەت ئوقۇيدۇ؛ خەلق ئۈچۈن پايدىلىق ئىش قىلساڭ، خەلق ئىشىغا، ئىنقىلاب ئىشىغا بارلىقىڭنى ئاتىساڭ، خەلق سېنى قويىنىغا ئالىدۇ، ساڭا مەدەتكار بولىدۇ، سېنى ئۇلۇغلايدۇ».

بۇ زېمىن، پاك - دىيانەتلىك، مېھرى - شەپقەتلىك، جاسارەتلىك، نومۇس - ھايالىق، ئەقلىگە باي ئادەملەر بىلەن تولسۇن!

گېگانت ئىزلار نۇر چېچىپ، خۇددى ئالتۇن ھالقىلاردەك مەھكەم تۇتىشىپ تۇرسۇن! چۈنكى، كۆرەش كارۋانلىرى ئىزسىز يۈرگەن ئەمەس! ئەنە، ئۇپۇق لېۋىنى بويلاپ، جەڭگىۋار ئىزلار چاقناپ تۇرۇپتۇ!

# يۇلغۇن

# سالام ساڭا

ئالىمجان ئانايەت

سالام ساڭا گۈل دىيار، گۈلشەن دىيار،
يەنە كەلدىم سۆيگىلى مەن سېنى يار.

چاغلىما سەل، باشقا گەپ سۆيگۈ دېگەن،
تاش يۈرەكمۇ كۈل بولۇپ كۆيىدىكەن.

ئۆتتى ئون يىل مەن سېنىڭدىن ئايرىلىپ،
خۇش پۇراقلىق گۈل بېغىڭدىن قايرىلىپ.

سەن سەنەم، گويا غېرىبتەك يىغلىدىم،
يىغلىدىم، ساڭا يېتىشنى بىلمىدىم.

بۇ ھىجردىن كۆپ ئەلەم يەتتى ماڭا،
چىن سۆيگۈ دەپ ئاتىدىم جانىنى ساڭا.

چۈنكى سادىقلىق سۆيۈشنىڭ قىممىتى،
ئاشۇرار سۆيگۈنى ھىجران قىسمىتى.

قېنى، ئال مېنى قۇچاققا جانىجان،
سۆيدۈرۈپ قوي لىۋىڭدىن مېھرىبان.

باسقىنا، مەن باغرىڭغا قېنىپ ئالاي،
پاكى سەندە بۇ جاننى بېرىپ ئالاي.

## نۇر ۋە مەن

ئابدۇرېھىم زۇنۇن

چېقىلغاندا ھايات چاقمىقىم،
جىسمىم نۇردا يۇيۇلغان ئىكەن.
ئەللەيلىنىپ نۇرلۇق بۆشۈكتە،
قەلبىم نۇرغا چېتىلغان ئىكەن.

ئوزۇقلىنىپ يورۇق نۇر بىلەن،
«نۇر» دەپ چىققان ئىكەن تىلىممۇ.
نۇرنى سۆيۈپ، نۇرنى قۇچاقلاپ،
نۇردەك يورۇپ كەلدى دىلىممۇ.

شۇڭا نۇرغا قەلبىم ئىنتىزار،
كېچە بىدار كۈتىمەن تاڭنى.
ئەقدىرداشتۇر تاڭغا ھاياتىم،
ياقتۇرمايمەن ئاڭا كىر - چاڭنى...

نۇر ئوغلىمەن - تاڭدا تۇغۇلغان،
قەلبىم تاڭدەك سۈزۈك ھەم يورۇق.
بېغىشلايمەن پاكلىقتا ياشاپ،
ئەل - ۋەتەنگە ئۆزەمنى تولۇق.

## سېغىندىڭمۇ

ياسىن مەخسۇت

بولۇپ مېھنەتكە پەرۋانە،
بىنا قىلدىم يېڭى باغنى.
نىگارىم بىر كېلىپ كۆرگىن،
بۇگۈنكى بۇگۈزەل چاغنى.

ئەشۇ باغدا كۆيۈمگە مەن،
قېتىپ ئۆتتۈم سېنى يارىم.
يۈرۈپ چېگرا بويىدا سەن،
سېغىندىڭمۇ مېنى يارىم.

ئۆزۈڭ چېگردا يۈرسەڭمۇ،
ۋاپا - مېھرىڭ ھامان ئەستە.
شۇڭا مېھنەت ئەقدەمدىن،
ياسايمەن ساڭا گۈلدەستە.

## پارچىلار

مۇھەممەت تەشنائى

ئەقدە چىن ئىنسانىنىڭ بايلىقىدۇر،
غورۇردىن جەۋلان قىلغان بايرىقىدۇر.

ئاجايىپ مۇرەككەپ زىددىيەتلىك ئالەم،
قوينىدا كۈلىدۇ - يىغلايدۇ ئادەم.

سەن كېلسەن دوستنى پۇتلاش كويىدا،
مەن ئاۋارە ئۇنى يۆلەش يولىدا...

## سەن ۋە مەن

ئابلەت قارى

سەن دېدىڭ: خوش دېسەڭ ئامىتىڭ تولۇق،
پۇتلاشسا پوش دېسەڭ سۇپىراڭدۇر قۇرۇق.

مەن دېدىم. بىر تېنىق قەلبىم ھۆرلىكى،
-لوقمانىنىڭ مىڭ يىللىق ئۆمرىدىن ئۇلۇق.

# سەمىڭىزدە بولسۇنكى، ژۇرنىلىمىزغا مۇنداق مەزمۇنلاردىكى ئەسەرلەرنى ئەۋەتىڭ

هۆرمەتلىك قەلەمكەش دوستلار:

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلەش نىشانلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە پايتەختىمىز بېيجىڭدا نەشر قىلىنىۋاتقان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى نەشرىياتى سىلەرگە يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن چىن دوستلۇق سالىمىنى يوللايدۇ ھەم ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ.

مەزكۇر ژۇرنال دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە چىقىرىلىدىغان مەملىكەت دەرىجىلىك سىياسىي، نەزەرىيىۋى خاراكتېرلىك ئۇنىۋېرسال قوش ئايلىق ژۇرنال بولۇپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا ئاشكارە تارقىتىلىدۇ. مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىگە ۋە ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىدىغان ھەر مىللەت خەلقىگە تېخىمۇ كۆپ يېڭى ئۇچۇر، بىلىم يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئۆزىنىڭ نىشانى قىلغان ۋە بۇ يولدا ھەممە تىرىشچانلىقىنى كۆرسىتىۋاتقان ژۇرنىلىمىزغا تۆۋەندىكى مەزمۇنلاردىكى (ماقالە) ئەسەرلەر قوبۇل قىلىنىدۇ: سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتىغا دائىر مۇھاكىمە، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ھەققىدىكى ماقالىلەر. مىللىي رايونلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ئائىت يېڭى تەجرىبە، ئۇچۇرلار. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدا ياراتقان مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ماقالىلەر. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلب ساداسىنى ۋە ئارزۇ - ئىستىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىنكاس، تەكلىپلەر شۇنداقلا مىللىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا، ئالغا ئىلگىرىلىشىگە توسقۇن بولۇۋاتقان ھەر خىل روھىي ھالەتلەر توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلەر. ھەر قايسى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ تارىخىي، مەدەنىيىتى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلغان ماقالىلەر، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھېكايە، شېئىر قاتارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەر.

تەھرىر بۆلۈمىمىز ژۇرنالنى رېئاللىققا يۈزلەنگەن، راست گەپ قىلىدىغان، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە، بىلىم خاراكتېرى كۈچلۈك، قىزىقارلىق، جەلپ قىلارلىق قىلىپ چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇنىڭدا «تۇغقان بولساڭ يۆلەك بول»، «بىرلىك بولماي بەرىكەت بولماس»، «ئەنئەنە ۋە ئىسلاھات»، «ماركسىزمدىن ئا ب س»، «مىللىتىم ھەققىدە پاراڭ»، «قانۇن ۋە باراۋەرلىك»، «تۈنۈگۈن، بۈگۈن ۋە ئەتە»، «ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقىچە»، «تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات»، «ئاپتونومىيە ۋە مىللىي خىزمەت»، «سوراپ بىلىش ئەيىب ئەمەس»، «مائارىپ ۋە مەدەنىيەت»، «بىزنىڭ ئاتاقلىق كىشىلىرىمىز»، «دۇنيا مىللەتلىرى»، «جاھاننامە»، «ئاڭلىغانمۇ كۆرگەنمۇ»، «يۇلتۇز» قاتارلىق 40 تىن ئارتۇق مەخسۇس سەھىپىلەرنى ئاچتۇق. ژۇرنىلىمىز بۇ يىلدىن ئېتىبارەن ئىككى ئايدا بىر سان چىقىرىلىدۇ.

قەلەمكەش دوستلارنىڭ ژۇرنىلىمىزنىڭ باشقۇرۇلۇشىغا قارىتا تەنقىد، تەكلىپ پىكىرلەر بېرىپ تۇرۇشىنى، ئاكتىپلىق بىلەن ماقالە يېزىپ ئەۋەتىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

# جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان كونەس ناھىيىسىنىڭ يېزا-بازار كارخانىلىرى



پارتىيىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كونەس ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت چارۋىچىلار تاۋار ئىگىلىكى ئېڭىنى تىكلەپ، سودا - سانائەتكە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، يېزا - بازارلاردا زاۋۇت، كارخانا قۇردى، سودا بىلەن شۇغۇللاندى. كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر قۇرغان زاۋۇت، كارخانىلار، مۇلازىمەت ئورۇنلىرى رىقابەت داۋامىدا راۋاجلىنىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى بارغانسېرى ئۆسمەكتە.

سۈرەتلەرنى ئۆز مۇخبىرىمىز ئورتاي تارتقان.

△ بۇ ناھىيىنىڭ قارسۇ يېزىسىدىكىلەر 175 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ سالدۇرغان بەشتۈپە بازارلىق مىللىي بۇيۇملار سودا سارىيى يېقىندا پۈتۈپ رەسمىي تىجارەت باشلىدى. بۇ سودا سارىيىدىن باشقا ماگىزىن، ساراي، ئاشخانا قاتارلىق مۇلازىمەت ئورۇنلىرىنىمۇ قۇردى.



△ بۇ ناھىيە بازىرىدىكى زەبىش بوۋاي دۇكان ئېچىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە خېلى ھاللىنىپ قالدى.



◁ بۇ ناھىيىنىڭ زەكتى يېزىسىدىكى ئائىلە ئاياللىرى بىرلىشىپ، كەشتىچىلىك كارخانىسى قۇرغان ئىدى. ھازىر بۇ كارخانىدا ئىشلەنگەن بۇيۇملار بازار تېپىپ، خېرىدارلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.



《民族团结》
مىللەتلەر ئىتتىپاقى
باھاسى 40 پۇڭ